مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# 美拉斯

# MIRAS



# ميراس

3
2017

ISSN 1004-3829

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى زىبۇ زىننەتلىرى






قوش ئايلىق ژۇرنال

2017 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 161 - سان)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

يىلان مۇڭگۈزى ........................................ (1)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا ناۋايلىق ............................ مېھرىگۈل قادىر (9)
كۇچا قاپاق ئويما نەقىشلىقى ............................ مەربىيە ئابلەت (21)
قومۇل كۆك مەشرىپىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ...... ھەجەرگۈل يۇنۇس (23)
پەيزاۋات كىشىلىرىنىڭ تۆردە ئولتۇرۇش ئادەتلىرى ھەققىدە ...... رىزۋانگۈل قاھار (29)
تۇرالغۇ ئادەتلىرىمىز ............................ مۇھەممەدجان تىلىۋالدى (57)
يەكەن ئەتلىسى ............................ رىسالەتگۈل سەمەت ئەلرام (62)
قومۇللۇقلارنىڭ كەشتە مەدەنىيىتى ............ يۇنۇس سادىق (63)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاتناش- ترانسپورت ئادەتلىرى ....................
............................................ تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (14)
ئارخېئولوگىيەلىك مىراسلارنى قوغداش ھەققىدە ...... ئايپۇلاق ئەزىز (27)
ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (35)
دېھقانلار رەسىمگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ... ئەسقەر تۇردى (47)
ئاۋات خەلقىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىلىق ..................... دۆلەت ئاقنىياز (50)



باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(مۇئاۋىن ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**
**مەمەتيۇسۇپ ياسىن**
**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!
### جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ،
### جۇڭگو ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى!

## ئايدىڭ كېچىلەر

لوپنۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ............................. (31)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇجمە ............................. قۇربانجان ئابلىكىم (53)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئۆزبېك مىللىتىنىڭ نىكاھ، توي ئادەتلىرى ...... ئابدۇمۇتەللىپ ئاروپ (69)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 34 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 34 يىللىق شانلىق تارىخىدا 161 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «گۈلەمخان ئەپسانىسى» مىنىياتۇر رەسىم روزىتوختى تۇرسۇنىياز نەۋبەت سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل، مەتتوختى باراتلار تەمىنلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

主编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编审）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
买买提玉素甫·牙生
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元
Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# يىلان مۈڭگۈزى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشى ئۆزى باي، مىنگىنى تاي، خوتۇنى تولغان ئاي ئىكەن. لېكىن شۇنچە باي بولسىمۇ، كۆڭلى كۆمۈر، يۈرىكى گاڭ باغلانغان تۆمۈرگە ئوخشاش بولۇپ، بىر-ئىككى ئايلىق يەردىكى تېرىقتەك نەرسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى كەھرىۋادەك تارتىدىكەن، باينىڭ كۆڭلى توق، پۇل توپلىماقتىن باشقا غېمى يوق ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى باينىڭ يېشى چوڭىيىپ، بۇرۇنقى تۈز گەۋدىسى ئەمدى سۈپۈرگە ئاكامىنىڭ ئەپكىشىدەك بولۇپ، يېڭىدىن ئۇنىڭغا بىر غەم قوشۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ بولسىمۇ بۇرۇن باي بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ۋاھىت باينىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئىكەن. ئەتە ياكى ئۆگۈن ئۆزىنىڭمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ۋاھىت باي بارغان جايغا بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ، كۆپرەك خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى نۇرغۇن مال-دۇنيانى قانداق قىلىش بولۇپ قاپتۇ. گۆرگە ئېلىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بايۋەچچىگە قالدۇرۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، چۈنكى ئۇ 20 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، باينىڭ بالىسى بولغانغا يارىشا بىر ماتا كۆينەكنى يېڭىغىنا كىيگەن ئەمەس، بەش تىيىن پۇلنى ئۆز قولى بىلەن خەجلىگەن ئەمەس. باي مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى غەش بولۇپ ئازابلىنىدىكەن. «مەن ئۆلسەم تەئەللۇقۇمنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيمەن، بەربىر ئوغلۇمغا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنى تىجارەتكە سالاي، سودا-سېتىق ئىشلىرىغا پىششىپ، پۇل تېپىش يولىنى چۈشەنسۇن» دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە، تاش يۈرەك باي ئاخىرى تەۋەككۇل قىلىپ تېخى 20 ياشقا كىرگۈچىلىك بىر تىيىن تۇتقۇزمىغان بايۋەچچىگە بىر كۈنى بىردىنلا 1000 تەڭگە بېرىپتۇ ۋە «بۇ پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ، بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل!» دەپتۇ.

بايۋەچچە «خوپ» دېگىنىچە دەرھال 1000 تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپتۇ. بايۋەچچە دادىسىنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى كۆڭلى يۇمشاق چوڭ بولۇپتۇ. دادىسىنىڭ قاتتىقلىقىدىن رەنجىپ، دۇنيادىن قول سىلكىپ، پەرىشان، ساددا مىجەزگە كىرىۋالغانىكەن. ئۇ بۈگۈن ئۆمرىدە بولمىغان ئىشنى كۆرۈپ بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. كوچىدا ھەر ياققا تەكشى قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ پىكىر-خىيال بېشىنى پىشۇرۇش ئىكەن. «بۇ 1000 تەڭگىگە بىر نەرسە ئالسام، دادامغا يارىمايدۇ، ئۇ چاغدا دادام تېخىمۇ ماڭا ئارام بەرمەس. زادى نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتىپ بارغان بايۋەچچە ئات بازىرى يېنىدىكى ئوچاقتا قوي-ئۆچكە بېشىنى پىشۇرۇپ ساتىدىغان زاسۇيپەزلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغىنىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، باياتىن دىمىقىغا پۇرىغان قۇيقا ئۆز بېشىدىكى چاچلىرىنىڭ خىيالىدىكى كۆيگىنى بولماستىن، بەلكى بىر زاسۇيپەزنىڭ تونۇر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاچماق تۆمۈر زىق بىلەن قوي-ئۆچكە باشلىرىنى ئۈتلەۋاتقانلىقىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوقاتقان بىر نەرسىسىنى تاپقاندەك «ئۇستام» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— ھە، — دەپتۇ ئۇستام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بايۋەچچە قولىدىكى 1000 تەڭگىنى زاسۇيپەزگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— دادام مېنى «بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل» دەپ مۇنۇ تەڭگىنى بەردى. بۇ پۇلنى سىلى ئېلىپ، مېنىڭ بېشىمنى ئوبدان پىشۇرۇپ قويغان بولسىلا، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

زاسۇيپەز، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ساددا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ دېگىنىچە قىلىپ 1000 تەڭگىنى ئالايمەنمۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، بايۋەچچىنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ قويۇشقا رازى بوپتۇ. 1000 تەڭگىنى ئالغان زاسۇيپەز تونۇرنى راسا قىزىتىپ، بايۋەچچىنى گەدىنىدىن بېسىپ تۇرۇپ ئوتقا تۇتقان ئىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرى پاژ-پۇژ قىلىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. زاسۇيپەز:

— ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈر، — دەپتۇ. بايۋەچچە «ياخشىراق پىشتىمۇ؟» دەپ بېشىنى سىيلاپ باقماقچى بولغانىكەن، ئىسسىقتىن بېشىغا قول تەگكۈزەلمەپتۇ. ئۇ «رەھمەت ئۇستام» دەپ بۆكىنى قولىدا تۇتقان پېتى دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە دادىسىغا قاراپ:

— قارا دادا، بېشىم ياخشىراق پىشتىمىكىن؟ مېنى ئەجەب مۇشەققەت بىر ئىشقا بۇيرۇپسەن، — دەپتۇ. باي ئوغلىنىڭ بېشىغا قاراپ:

— ھەي ئەخمەق، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۆزۈڭ شۇنداق دېدىڭغۇ؟! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بايۋەچچە.

— مەن بېشىڭنى كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇمىغاندىم؟ — دەپتۇ باي.

— بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپتۇ بايۋەچچە.

باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بالىسىنى چاپسانراق ئۆزىگە ئوخشاش قاتتىق ئادەم قىلىش مەقسىتى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپتۇ. باي دەرھال ئاشخانا ئۆيىنىڭ مورىسىنى سۈپۈرۈپ، بىر قاپاقنىڭ پارچىسىغا سېلىپ ئۇنىڭغا زاغۇن يېغى قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بايۋەچچىنىڭ بېشىغا سۈركەپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن بايۋەچچىنىڭ بېشى مىس باش بولۇپ قاپتۇ. باي ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئۆلسەم، دۇنيا ھامىنى مۇشۇ بالىغا قالىدۇ. بۇزسىمۇ-تۈزسىمۇ ئىش قىلىپ ئۇنى بىر يولغا سېلىش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ئوقۇتمىغانىكەنمەن. خەير، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، پۇشايمانىنىڭ پايدىسى يوق، ھەر ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ بالام ئوقۇمىغان بىلەن بىزدە پۇل كۆپ. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۇلۇغ، پۇلى يوقنىڭ گېپى تولۇق»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن گەپمۇ بارغۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بالىسىنى سودىگەرچىلىككە سالماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاڭنىڭ ئېتىشى، كۈننىڭ ئولتۇرۇشى باينى قېرىتىشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭغا دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىدىن بىرەرىنىڭ چۈشۈشى ئۆمرىدىن بىر كۈن كەملىگەندەك تۇيۇلىدىغان، قاتتىق-يۇمشاق ھەر بىر نەرسىنىڭ تاۋۇشى ئاخىرەتكە تەكلىپ قىلغاندەك بولۇپ ئاڭلىنىدىغان بوپتۇ. باي ئوغلىغا يەنە 1000تەڭگە بېرىپ:

— سەن بۇ پۇلنى ئېلىپ بازارغا چىققىن، بىر نەرسىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ قىممەت باھادا ساتساڭ، ئاندىن بېشىڭ پىشىدۇ، — دەپتۇ.

بايۋەچچە پۇلنى ئېلىپ چىقىپ بازار ئارىلاپتۇ، كۆڭلىگە ياقىدىغان نەرسە تاپالماي ھەرياقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بازارنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا، بىر توپ بالىلار بىر ئىتنى بويىنىدىن باغلاپ ئۇيان-بۇيان تارتىپ ئۆلتۈرگىلى ئاز قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بايۋەچچە:

— ھاي بالىلار، بۇ ئىتنى ماڭا سېتىڭلار، قانچە دېسەڭلار ئالىمەن، — دەپتۇ.

— 1000 تەڭگىگە ساتىمىز، — دەپتۇ بىرى ئويناپ، بايۋەچچە بۇنى ئاڭلاپ:

— مانا 1000 تەڭگە، — دەپ ئىتنى سېتىۋاپتۇ-دە، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. دادىسى بۇنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ، نەسىھەت قىلىپ، يەنە 1000 تەڭگە بېرىپتۇ. بايۋەچچە ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە يەنە ھېلىقى جايغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بالىلار بىر مۈشۈكنى ئويناپ يۈرۈپ ئىتنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغانىكەن. بايۋەچچە دەرھال 1000 تەڭگىگە مۈشۈكنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. دادىسى ناھايىتى ئامالسىز يەنە 1000 تەڭگە بېرىپتۇ. بايۋەچچە بۇ 1000 تەڭگىنى ئېلىپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن دادىسىغا:

— ھەي دادا، مەن ھەر نۆۋەت قىلىپ كەلگەن سودامنى ياقتۇرمايسىز، ئەمدى ئالىدىغان نەرسىنى ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. باي ئويلىنىپ:

— بازارغا بار. بازاردا نېمە كەم بولسا شۇنى ئال،

2017 . 3

نېمە كۆپ بولسا ئۇنى ئالما، — دەپتۇ. بايۋەچچە بۇ قېتىم بازار رەستىلىرىنى تەكشى ئارىلاپتۇ. دادىسىنىڭ «نېمە ئاز بولسا شۇنى ئال» دېگەن گېپىگە توغرا كەلگۈدەك نەرسە ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى ئۇستىنىڭ بويىغا بېرىپ قاپتۇ. ئەمدى قارىسا بالىلار بىر يىلاننىڭ بالىسىنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ «سا... سا... سا...» دەپ ئاسمانغا ئېتىپ ئويناۋاتقانىكەن. بايۋەچچە، دادامنىڭ ئېيتقىنى دەل مۇشۇ يىلان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ. چۈنكى يىلان بازاردا كۆپ ئۇچرىمايدىغان نەرسە ئىكەن، دەرھال بالىلاردىن يىلاننىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. بايۋەچچىنىڭ 1000 تەڭگىسىگە ئۆگىنىپ قالغان بالىلارنىڭ ئاغزىغا 1000 تەڭگىدىن باشقا سۆز كېلەمدۇ؟ بايۋەچچە ئۇنى 1000 تەڭگىگە سېتىۋېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. دادىسى يىلاننى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ:

— سەن 4000 تەڭگىنى يوق قىلدىڭ، ئەمدى قالغان مال-دۇنيا كىمگە قالسا قالسۇن، ئەمما ساڭا تۇتقۇزمايمەن. مېنىڭ ساڭا ئوخشاش بالام يوق، نەگە بارساڭ بار. ئىككىنچى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلمە، — دەپ ئالغان نەرسىلىرى بىلەن بايۋەچچىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بايۋەچچە ئۆيدىن چىققان بويى بېشى قايغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئىت، مۈشۈك، يىلان ئۇنىڭ ھەمراھى بوپتۇ. كېچىلىرى ئىت ئۇلارنى كۆزەت قىپتۇ. لېكىن قورساق ئاچقانسېرى بايۋەچچىنى غەم بېسىپتۇ، ئاخىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي يۈرۈپ بىر قومۇشلۇققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قويىندىكى يىلان بېشىنى چىقىرىپ زۇۋانغا كېلىپ:

— نېمە غەمدە قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بايۋەچچە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ جان بېقىشنى بىلەلمەي غەمدە قالغانلىقىنى دەپتۇ. يىلان بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— غەم قىلما، مەن بولسام يىلانلارنىڭ پادىشاھىنىڭ بالىسى، شاھ ئاتامنى «شاھ ماران» دېسە بىلمەيدىغىنى يوق. سەن مېنى سېتىپ ئالغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىڭنى مەن ياخشى بىلىمەن. مانا بۇ كۆرۈنگەن قومۇشلۇقنىڭ ئۇ ياقىدىكى دۆڭلۈكتە ئاتامنىڭ ئوردىسى بار. مېنى شۇ يەرگە ئېلىپ بار. ئاتامغا مەن ئەھۋالنى بايان قىلىمەن. ئاتام ناھايىتى مەرد پادىشاھ، سېنى ھېچ ۋاقىتتا قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ. مۇبادا تەلەيىڭ ئوڭ كېلىپ، ئاتام سەندىن «نېمە تەلىپىڭ بار؟» دەپ سورىسا، سەن ئاتامغا: «مەن بىر نەرسىنى سورىماقچى ئىدىم، لېكىن ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن»دە. ئاخىرى ئاتام «گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم، سورايدىغىنىڭنى سورا» دەپ قالسا، سەن شۇ چاغدا قورقماستىن تۇرۇپ «بېشىڭدىكى مۆڭگۈزۈڭنى تىلەيمەن»دە. مانا شۇ چاغدا مۆڭگۈز قولۇڭغا كىرسە، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ ھەل بولىدۇ، نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ شۇ قولۇڭغا كېلىدۇ، — دەپتۇ. بايۋەچچە مىس بېشىنى تاتىلاپ، ئەندىشە قىلغاندەك بوپتۇ. كېيىن تەۋەككۇل دەپ يىلاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قومۇشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ دۆڭلۈككە قارىغۇدەك بولسا، دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى خۇددى بەيگە مەيدانىدەك تۈپتۈز بولۇپ، مەيدان ئۈستىدە يېيىلىپ يېتىپ كەتكەن يىلانلارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىكەن، بۇنى كۆرگەن بايۋەچچە قورقىنىدىن قاچماقچى بوپتۇ. يىلان شاھزادىسى ئۇنىڭ قويىنىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، بايۋەچچىگە قاراپ:

— سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، بۇ يىلانلار ئاتامنىڭ ئەسكەرلىرى، ئاتام مۇشۇ دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاشنىڭ يېنىدىكى ئوردىدا، مەن سەندىن بۇرۇن ئاتامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ خەۋەر قىلاي. ئىجازىتىدىن كېيىن سېنى ئېلىپ كىرىمەن، — دەپ يىلان پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شاھزادە ئۆتۈپ كەتكۈچە يىلانلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. شاھزادە ئاتىسى شاھى مارانىڭ ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدىن چىقىپ ساياھەت قىلىپ شەھەرمۇشەھەر، دەريامۇدەريا يۈرۈپ تاماشا قىلماقتا ئىدىم. شۇ جەرياندا بىر ئېرىققا كىرىپ قالغان ئىكەنمەن، بىر قانچە ئۇششاق بالىلار قۇيرۇقۇمدىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دېگەندى. شۇ چاغدا بىر ئادەم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ھېلىقى بالىلاردىن 1000 تەڭگىگە سېتىۋېلىپ مېنى ئازاد قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئاتىسى بولسا 1000 تەڭگىگە ئاغرىنىپ بالىسىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ بىچارە مېنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قويىمەن دەپ، ئاچ-زارلىقتا بۇ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چۆللۈكتە ئاۋارە بولۇپ مېڭىپ مۇشەققەتتە بۇگۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ھازىر تاشقىرىدا سىزنىڭ دەرگاھىڭىزغا كىرىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھى ماران بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بالام، سەن بىلمەيسەن، ھېچقاچان ئادەم بالىسىدىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ. سەن ئالدانما، — دەپتۇ. يىلان شاھزادە:

— ئەي ئاتا، ئەگەر بىرەر سىرلىق، مەخپىي ئىش بولسا، ئۇ چاغدا ئالداندى دېسىڭىز بولاتتى، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتتۈلگەن ئىشلار، بۇنىڭ ھېچقانداق يالغىنى يوق، — دەپتۇ.

شاھى ماران ئوغلىغا ئىشىنىپ بايۋەچچىنى كىرىشكە ئەمر قىپتۇ. بايۋەچچە پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شاھى ماران ئۇنىڭغا:

— نېمە تەلىپىڭ بار؟ مېنىڭ بالامغا ياخشىلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى بېرەي، — دەپتۇ. بايۋەچچە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بېشىڭىزدىكى مۆڭگۈزىڭىزنى سورايمەن، — دەپتۇ. شاھى ماران ئاچچىقلىنىپ ئوغلىغا قاراپ:

— مەن ئېيتمىدىممۇ، ئادەم بالىسىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. بىراق مەن بۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن، ۋەدەمدە تۇرمىسام بولماس. ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى تېنىنى پارچە-پارچە قىلىپ ئەسكەرلىرىمگە يەم قىلار ئىدىم. خەير، كېرەك يوق، — دەپتۇ ۋە قىيمىغان ھالدا بېشىدىكى مۆڭگۈزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ھەمدە ئۆز مۆڭگۈزىنىڭ خاسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە بۇ سىرنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلاپتۇ.

بايۋەچچە، شاھى ماران ۋە يىلان شاھزادىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ، ماڭا-ماڭا بىر چۆل-جەزىرىگە يېتىپ كەپتۇ. يىلان مۆڭگۈزى قولغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ساددا، نادان بايۋەچچە ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىشقا ئەقلى يېتىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ھېلىقى چۆل-جەزىرىگە بىر شەھەر بەرپا قىلماقچى بوپتۇ ۋە شەھەرنىڭ شەكلىنى سىزىپتۇ، ئاندىن يىلان مۆڭگۈزىگە قاراپ «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەگگۈشتەرىم بولسۇن، شۇ چۆللۈكتە ئاشپەز، ناۋاي، سودىگەرلەرى بار بىر شەھەر بىنا بولسۇن» دەپ بىرئاز يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنى ناھايىتى ئاۋات بىر شەھەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈپتۇ. ھەر خىل كاسىپلار ئۆز مېلىنى ماختاپ سېتىۋاتقان، خېرىدارلار ئەرزان ئېلىش ئۈچۈن باھا تالىشىۋاتقان، كوچىلاردا ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن، ئىچكىرىكى شەھەر ئىچىدە پادىشاھ ئۈچۈن كاتتا ئوردىمۇ بىنا قىلىنغانىكەن.

بىر كۈنى شەھەر ئەھلى يىغىلىپ ئۆزلىرىگە بىر پادىشاھ سايلىماقچى بولۇشۇپتۇ ۋە مىس باش بايۋەچچىنى پادىشاھلىققا سايلىشىپتۇ. مىس باش پادىشاھلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشنى ناھايىتى ئادىل ۋە توغرا بىر تەرەپ قىپتۇ، شۇڭا خەلق ئۇنى ئالقىشلاپتۇ، ئۇ يىلان مۆڭگۈزىنى قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى شەھەر ئاھالىسى مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ. يېقىندىكى بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىدىن ئون تۆت كۈنلۈك ئايمۇ خىجالەتتە ئىكەن. ئۇ يەم-پاراسەتلىك، قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە شەھەر پادىشاھلىرى ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مەلىكە قوبۇل كۆرمىگەنىكەن. شەھەر خەلقى پادىشاھقا ئەنە شۇ قىزنى لايىق كۆرۈشۈپ، بۇ نىيەتلىرىنى پادىشاھقا بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى سوراپتۇ.

مىس باش پادىشاھ قوشنا پادىشاھ قىزىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزى قىلماقچى بوپتۇدە، ئۇلارغا:

— بۇ مەسلىھەتىڭلار ياخشى بوپتۇ. بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن مەلىكىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ يىلان مۆڭگۈزىگە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەگگۈشتەرىم بولسۇن، قوشنا پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە دەرھال ھازىر بولسۇن» دېگەنىكەن، مەلىكە شۇ زامان ھازىر بوپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ جامالى كىشىلەر ئېيتقاندىنمۇ گۈزەل ئىكەن. مىس باش پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ يەتتە كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ مەلىكىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى شادلىققا چۆمۈپتۇ، شەھەر خەلقى كۈندىن-كۈنگە تېخىمۇ مەمۇرچىلىققا تولۇپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى بولغان قوشنا شەھەرنىڭ پادىشاھى قىزنىڭ يوقالغانلىقىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، قىزنىڭ چۆلدىكى يېڭى شەھەرنىڭ پادىشاھى مىس باشنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپ، تېزدىن لەشكەر تارتىپ يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەپتۇ. يېڭى شەھەر خەلقى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئېيتىپتۇ، مىس باش پادىشاھ ھېچ ئىش بولمىغىنىدەك يۈرۈۋېرىپتۇ.

خەلق ئىچىدە قورقۇش كۈچىيىپتۇ، «مانا كەلدى، ئەنە كەلدى، شەھەرگە بېسىپ كىرىدىكەن» دېگەن سۆزلەر كۆپىيىپتۇ. دۈشمەن قوشۇنى شەھەرگە بىر چاقىرىم قالدى، دېگەن خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن مىس باش پادىشاھ مەن ئۆزۈم چىقىپ كۆرەي، دەپ ئوردىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقىغا چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، شەھەر تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلىنغان بولۇپ، قارشى تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن بۇ شەھەرنى ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا بىر خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارغا لەشكەر بىلەن تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مىس باش پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغاندا ھېلىقى لەشكەرلەر ئارىسىدىن «مانا پادىشاھى چىقىپتۇ، ھۇجۇم قىلايلى» دېگەن قىيقاس-چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا نەيزە، ئوقيالار ياغدۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ قىلچە تەمتىرىمەي يىلان مۈڭگۈزلۈك ئۈزۈككە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەڭگۈشتەرىم بولسۇن، ئاشۇ لەشكەرلەر قولىرىنى تەڭلىگەن بويىچە بىر قەدەم مىدىرلىماستىن ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالسۇن» دېگەنىكەن، دۈشمەن لەشكەرلىرى شۇ چاغدا قانداق ھالەتتە بولغان بولسا شۇ پېتىچە تاياقتەك قېتىپ قاپتۇ، شەھەر خەلقى بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ. ھېلىقى لەشكەرلەر شۇ پېتىچە ئۈچ كېچە-كۈندۈز قىمىر قىلماي تۇرۇشۇپتۇ. ھەرقانچە قىلىسمۇ مىدىر-سىدىر قىلىشالماپتۇ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن مىس باش پادىشاھ يىلان مۈڭگۈزلۈك ئۈزۈككە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەڭگۈشتەرىم بولسۇن شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغۇچى لەشكەرلەر ئارقىغا يانسۇن» دەپتۇ. شۇ ھامان ھەممە لەشكەرلەر ئەسلىي ھالىتىگە كەپتۇ، ئاتلىرىنى شەھەر تەرەپكە بۇرىسا بىر قەدەممۇ ماڭماپتۇ، ئۆز شەھىرى تەرەپكە بۇرىسا شۇنداق تېز مېڭىپتۇ. ئۇلار ئالاجىسىزلىقتىن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى جادۇ يولى بىلەن ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مۇشۇ شەھەردىن مەككارلىقى بىلەن داڭقى چىققان بىر جادۇگەر كەمپىرنى ئىزدەپ تېپىپتۇ، پادىشاھ جادۇگەرگە مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن جادۇگەر موماي «ھېلىغۇ بىر مىس باش ئىكەن، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسىگە مىس باش تولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ» دەپ ۋەدە بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

جادۇگەر كەمپىر بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېلىقى چۆلگە بىنا قىلىنغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دەسلەپ شەھەرگە كىرمەستىن شەھەر ئەتراپىدىكى جاڭگاللاردا ئىبادەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن ئانچە-مۇنچە ئۇچرىشىپ، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن بۇۋى كۆرسىتىپ يۈرۈپتۇ، بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە بۇۋى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئۇلغىيىپ قاپتۇ. بەزى ئادەملەر ئاز-تولا ساۋاب تاپماقچى بولۇپ ئۇنى ئىزدەيدىغان بوپتۇ، ئارىدىن بىر-ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جادۇگەر كەمپىر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ بەزى كىشىلەر ئۇنى ئايغاقچى بولۇشى مۇمكىن دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى ھەر كۈنى كېلىپ بۇ يەردە خالىس ئەمگەك قىلىۋاتسا، ھېچكىمدىن ھەق تەلەپ قىلمىسا قانداقچە ئايغاقچى بولىدۇ دېيىشىپتۇ، جادۇگەر ئاستا-ئاستا ئوردا ئىچىنىمۇ سۈپۈرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋال مىس باش پادىشاھنىڭ كۆزىگىمۇ بىر قانچە قېتىم چېلىقىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ كەمپىردىن ھەر كۈنى ئوردىنى سۈپۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ:

— مەن بولسام ئۆي-ماكاندىن ئايرىلىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، چۆل-باياۋاندا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن بىر بۇۋى ئىدىم. يېقىندا بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىرسى: «سەن ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىل. قاچان پادىشاھ خىزمىتىڭدىن رازى بولسا، سېنىڭ ھاجىتىڭنى راۋا قىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئوردىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىچى-تېشىنى سۈپۈرۈۋاتىمەن. مەلىكەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانىم يوق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇ بىر مەككار بولمىسۇن يەنە، دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەمما جادۇگەر كەمپىر قايتا-قايتا يېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ.

كەمپىر پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرگەندىن كېيىن بىر قانچە ئايغىچە ھېچقانداق سىر بەرمەي، بەجانىدىللىق بىلەن مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، مەلىكىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ مەلىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن سىر ئالماقچى بوپتۇ.

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، — دەپتۇ كەمپىر، — سىلى پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشكىلى قانچە ئۇزاق بولدى؟ قانداق قىلىپ تېپىشىپ قالدىڭلار؟

مەلىكە:

— مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئىدىم. بىر كۈنى ئىچكىرى ئۆيدىن تاشقىرى ئۆيگە چىقىپ كېلىۋېتىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، بىرئاز كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولدى. ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىقى ئۆيگە ئەمەس، مانا مۇشۇ ئوردىغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى يىل بولدى، ئەمما قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ، جادۇگەر:

— بۇنىڭ سىرىنى پادىشاھتىن سوراپ كۆرمىدىلىمۇ؟— دېگەنىكەن، مەلىكە سوراپ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقىڭلاردا ئانچە ئىشەنچ يوق ئىكەن، — دەپتۇ جادۇگەر. بۇ گەپتىن ھەيران بولغان مەلىكە:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئەر-خوتۇن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ناھايىتى سادىق، — دەپتۇ.

— ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلسا، بىر-بىرىدىن سىر يوشۇرمايدۇ. سىلى ئەرلىرىدىن شۇ سىرنى سوراپ باقسىلا، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سادىقلىقىنى سىناپ باقمامىلا، — دەپتۇ جادۇگەر.

سۇتتەك ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىپ، بىر ياستۇققا باش قويۇشۇپ ياتقان، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال بىر كېچىسى، مەلىكە ئېرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭدا نېمە سىر بار ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي مەلىكەم، بۇنى مەندىن سورىمىغىن، — دەپ ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. مەلىكە پادىشاھقا «ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، ماڭا ئىشەنچ قىلسىڭىز، ئېيتىپ بېرىڭ» دەپ قايتا-قايتا يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر مىس باش پادىشاھ:

— مەندە بىر يىلان مۇڭگۈزى بار، ئۇنى قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئورنىتىۋالغان. ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشىمنى شۇنىڭغا ئىلتىماس قىلسام، ئىشلىرىم شۇ ھامان ھەل بولىدۇ، — دەپ سىرنى ئاشكارىلاپتۇ، مەلىكە بۇ سىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىغا ئىشىنىپتۇ. بىر كۈنى جادۇگەر كەمپىر مەلىكىگە:

— بېشىڭىزنى بېقىپ قوياي دەپتۇ. مەلىكە:

— بېشىمدا ھېچ نەرسە بولمىسا، بېشىمنى باققۇزۇپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ. جادۇگەر:

— كېلىنىڭ قىزىم، «ئەتىيازنىڭ ئاپتىدا كۆلگە بېرىپ توخۇ پىتلايدۇ» دېگەن گەپ بار. مەيلى بېشىڭىزدا بىر نەرسە بولسۇن-بولمىسۇن بېقىپ قوياي، خوتۇن خەقلەر ئەتىيازدا باش بېقىشىدۇ، مومايلار چۆچەك سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتتە بار ئىشلار. سىز خوتۇنلارغا كۆپ ئارىلاشمىغان ھەم ئۆزىڭىز ياش، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك. يېنىمغا كېلىڭ، تىزىمغا بېشىڭىزنى قويۇڭ، — دەپتۇ. مەلىكە جادۇگەرنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ، كەمپىر مەلىكەمگە تۈرلۈك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بوپتۇ. ئۇياقتىن-بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئاستا-ئاستا كوچىلاپ يۈرۈپ يىلان مۇڭگۈزى توغرىسىدىكى سىرنى تولۇق ئاڭلىۋاپتۇ. سىر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، جادۇگەر كەمپىرنىڭ پۈتۈن پىكىر-خىيالى ئەنە شۇ ئەڭگۈشتەرىنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش بوپتۇ. يەنە بىر كۈنى مەلىكىگە:

— ئەر كىشىگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، سىزنى خوتۇنۇم دەپ يۈرگەن بىلەن سىزنى ئۆيدە قويۇپ، باشقا مەلىكىلەرنى ھازىر قىلىپ، ئەيش-ئىشرەت قۇرۇپ، يەنە جايىغا قايتۇرۇۋەتسە ئۇنى كىم بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەڭگۈشتەرنى ئۆزىڭىزنىڭ ساقلىغىنىڭىز تۈزۈك، — دەپ مەلىكىنى ئەزدىشكە ساپتۇ. مەلىكە:



2017.3

— بىز بىر-بىرىمىزگە ئامراق، پادىشاھ ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك ئادەم. ئۇ ھەرگىزمۇ ناشايان ئىشلارنى قىلمايدۇ، — دەپتۇ. جادۇگەر كەمپىر مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— ئەگەر سىز شۇنداق ئويلىسىڭىز بوپتۇ ئەمسە، لېكىن كېيىنكى پۇشايمىنىڭىز ئۆزىڭىزگە دۈشمەن بولۇپ قالمىسا بولدى. ئاجىزلار — ئاجىزلارنىڭ قاياشى. مەن سىزنىڭ كېيىنكى كۈنلۈكتە بارماق چىشلەپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويدۇم، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە چوڭقۇر غەمگە چۈشۈپتۇ. زادى پادىشاھتىن يىلان مۆڭگۈزلۈك ئۈزۈكنى ئېلىش-ئالماسلىقنى قايتا-قايتا ئويلىنىپ ئۆز-ئۆزىگە: «ئەر كىشىنىڭ نەپسى زىيادە بولىدۇ. بەلكىم ئەقىللىق، تەجرىبىلىك مومايىنىڭ بىر ئىشقا كۆزى يېتىپ ماڭا خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ دېگەن سۆزىدۇر بۇ. ھەر نېمە بولسا سوراپ كۆرەي. قوبۇل كۆرۈپ ئۈزۈكنى ماڭا بەرسە تېخى ياخشى، بەرمىسە مەيلى، بەك تالىشىپمۇ تۇرماي» دەپتۇ-يۇ، يەنە ئارىسالدى بولۇپ، «مەن بولسام پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى تۇرۇقلۇق نېمىشقا سورىمايمەن. پادىشاھمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويىدىغان ئانچە تاش يۈرەك ئەمەسقۇ» دېگەن خىياللار بىلەن ئاخىرى ئۇنى سوراشقا ۋە ئېلىشقا قارار قىپتۇ، پادىشاھمۇ نائىلاج مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئەڭگۈشتەرنى مەلىكىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلاپتۇ. ئەڭگۈشتەرنىڭ مەلىكەنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى ئۇققان جادۇگەر كەمپىر، ئۇنى قانداق قولىغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى قۇرۇپتۇ. جادۇگەر كەمپىر ئۆزىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇلايىم، كۆيۈمچان، كۆرسىتىپ، ھەر كۈنى تۈرلۈك-تۈرلۈك قائىدە-يوسۇنلارنى سۆزلەپ مەلىكىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، مەلىكىنىڭ قولىدىكى يىلان مۆڭگۈزى ئورنىتىلغان ئۈزۈكنى بارمىقىدىن ئاجرىتىپ ئېلىش ئىكەن. بىر كۈنى ئەتتىگەنلىكى مەلىكە يۇيۇنۇش ئۈچۈن تەييار بوپتۇ. ئۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ تەكچىگە قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلگەن موماي ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپلا ئورنىدىن چىقىپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ شەھەردىن چىقىشى بىلەنلا بايىقى ئاۋات شەھەر ئۆز-ئۆزىدىنلا كۆزدىن غايىب بولۇپ شەھەرنىڭ ئىزىمۇ قالماپتۇ، مەلىكىمۇ يوقاپتۇ، پەقەت مىس باش بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئىت، مۈشۈكى بىلەن ئەسلىدىكى چۆل-باياۋاندا قاپتۇ.

ئۈچ يىلدىن بۇيان پادىشاھ بولۇپ بەختلىك تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان مىس باش ئەمدى ئۇچرىغان ئەرسىلەرنى تېرىپ يەپ جان بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئورۇقلاپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ، ئۆلەر ھالەتكە كەپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ قۇتقازغۇچىسىنىڭ مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئىت، مۈشۈك مەسلىھەتلىشىپ، «ھەر بىرىمىزنى 1000 تەڭگىدىن پۇلغا سېتىپ ئالغانىدى. يىلان بولسا ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلدى، ئەمما بىز ھېچقانداق خىزمەت كۆرسىتەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم بىز بېرىپ يىلان مۆڭگۈزلۈك ئۈزۈكنى تېپىپ كېلەيلى» دېيىشىپ، مىس باشتىن ئىجازەت ئېلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكەنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئىت قۇشخانىغا بېرىپ جان بېقىپتۇ. مۈشۈك بولسا شەھەر ئىچىگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى تېپىپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئۇ يەردە ھەممە نەرسىگە زەن سېلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ كۈنلەردە مەلىكىنىڭ دادىسى بولمىش پادىشاھ يىلان مۆڭگۈزنى ئۈزۈكتىن ئاجرىتىپ ئاغزىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەنىكەن. بۇنى سەزگەن مۈشۈك پادىشاھقا ئەركىلەپ-سۈركىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك ئوردىنىڭ ئۆي مۈشۈكى بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانىكەن، مۈشۈك قۇيرۇقىنى سۇغا چىلاپ كېلىپ پەم بىلەن پادىشاھنىڭ بۇرنىغا تىقىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق بىر چۈشكۈرۈپتۇ-دە، يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما ئۈزۈك پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ تەختنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. تەختنىڭ تېگىدە بىر مۇنچە چاشقانلار ئويناپ يۈرگەنىكەن، بىر چاشقان مۈشۈكتىن بۇرۇنراق كېلىپ ئۈزۈكنى چىشلىگىنىچە تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ، ئۈزۈكنى ئېلىپ قاچقان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك ئۈزۈكنى چاشقانلاردىن ئېلىش ئامالىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ چاشقانلار پادىشاھى كىرىپ كەتكەن تۆشۈكنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا يېتىپ، «مەن ئۆزۈم موللا

MIRAS

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مۈشۈك، چاشقان يېسەم تويۋا» دەپ يېتۈۋېرىپتۇ. سىرتقا چىققان چاشقانلاردىن بىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئەھۋالنى پادىشاھىغا خەۋەر قىپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ، چاشقانلار توپ-توپى بىلەن تۆشۈك-تىن چىقىپ كىرىپ يۈرۈپتۇ، ئەمما مۈشۈك چاشقانلارغا قاراپمۇ قويماي پەرۋاسىز يېتۈۋېرىپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى:

— ھەي باللىرىم، مۈشۈكنىڭ چاشقان يېمەيدىغىنى نەدە بولسۇن، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى مەككارلىق، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار! — دەپتۇ. لېكىن باشقا چاشقانلار بۇنىڭغا قوشۇلماي مۈشۈكنى ئاقلىغىلى تۇرۇپتۇ. باشقىلارنى قايىل قىلالمىغان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى:

— «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قاماقتىكى چاشقانلاردىن بىرىنى چىقىرىپ كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ. بۇ سۆز ھەممىسىگە يېقىپتۇ. ئەگەر بۇ گۇناھكار چاشقان مۈشۈكتىن سالامەت قالسا، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئازاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى مۈشۈكنىڭ يېنىغا چىقىرىپتۇ، زىنداندىن چىققان چاشقان ئاستا مۈشۈكنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن بىر-ئىككى قېتىم ئۆتۈپ كۆرۈپتۇ. مۈشۈكنىڭ پەرۋاسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۈشۈكنىڭ بويۇنلىرىغا مىنىپ-چۈشۈپ، سەكرەپ خېلى ئويۇنلارنى قىپتۇ. مۈشۈك بولسا چاشقانغا پەرۋا قىلماي ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپ يېتۈۋېرىپتۇ. تۆشۈك ئاغزىدا ماراپ تۇرغان چاشقانلار پادىشاھى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشەنچىسى ئېشىپ، مۈشۈكتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئىككى ۋەزىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاستا سىرتقا چىققانىكەن. كۆزنى ئاچماستىن ئىبادەت قىلىپ ياتقان مۈشۈك بىردىنلا ئېتىلىپ، ئاغزىدا چاشقانلار پادىشاھىنى، ئىككى قولىدا چاشقانلارنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى تۇتۇۋاپتۇ. قالغان چاشقانلار قورققىنىدىن پىتىراپ كېتىپتۇ، مۈشۈك بۇ چاشقانلارنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ ئىتنىڭ قېشىغا كەپتۇ. مۈشۈك بىلەن ئىت جەم بولۇشۇپ، بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. ئىت مۈشۈكنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. ئىت دەريادىن ئۆتكىچە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈزۈكنى ئۆزىگە بېرىشنى، ئەگەر بەرمىسە، مۈشۈكنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مۈشۈك ئىلاجى يوق ئۈزۈكنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئىت ئەڭگۈشتەرنى ئاغزىغا سېلىپ، مۈشۈكنى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئالدىدا بىر بېلىقنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ بېلىقنى چىشلىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، بىر بېلىق ئۈزۈكنى كاپ قىلىپلا يۇتۇۋاپتۇ، ئىتنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان مۈشۈك بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا مۈشۈك ئىتقا قاراپ:

— ھازىر قورساق ئاچتى. بىز ئاۋۇ كۆرۈنگەن بېلىقچىدىن بىر بېلىق ئېلىپ يەيلى، — دەپتۇ. قورسىقى ئاچقان ئىت بۇ گەپكە دەرھال قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار بېلىقچىنىڭ ئالدىغا قارىسا، ھەممە بېلىقلار سۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپ، سۇنىڭ تەشنالىقىدا تىپىرلاۋاتقانىكەن. پەقەت ئۈزۈكى ئاغزىغا ئېلىۋالغان بېلىقلا ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك ئاشۇ بېلىقنى ئېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئىت «باشقا بېلىقنى ئالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار بىر ھازا تالاشقاندىن كېيىن، مۈشۈكنىڭ دېگىنى بويىچە ھېلىقى بېلىقنى سېتىۋاپتۇ، بېلىقنىڭ بېشىنى مۈشۈك ئاپتۇ، قالغان گۆشلۈك يېرىنى ئىتقا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مۈشۈك ئىتقا تۇيدۇرماي ئۈزۈكنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇلار بېلىقنى سېتىپ ئالغۇچە ئۇرۇشۇپ قالغاچقا، بىر-بىرىگە گەپ-سۆز قىلىشماي يول يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىرى مىس باشنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مىس باش ئۇلاردىن ئۈزۈكنىڭ دېرىكىنى سورىغانىكەن، ئىت «ياق» دېيىشىگە مۈشۈك:

— مەن تاپتىم، — دەپ توۋلىغانىكەن، ئۈزۈك ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئىت مۈشۈكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوغىسى قايناپ مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ. مۈشۈك شۇ قاچقىنىچە بىر جاڭگاللىققا بېرىپ، بىر تۈپ ئېگىز دەرەخنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاپتۇ. مۈشۈك دەرەختىن چۈشمەپتۇ، ئىت مۈشۈكنىڭ دەرەختىن چۈشۈشىنى پايلاپ يېتىۋەرگەنمىش.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىت بىلەن مۈشۈك بىر-بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغانمىش. مۈشۈك شۇنىڭدىن بېرى ئەۋلادلارغا «ئىت قوغلىسا دەرەخكە چىقىۋېلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغانمىش.

«ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق چۆچەكلىرى توپلىمىدىن ئېلىندى»

تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: تۇرسۇن قۇربان، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.



# ئۇيغۇرلاردا ناۋايلىق

مېھرىگۈل قادىر

ئۇيغۇرلاردا خېمىرنى خۇرۇچ قىلىپ، تونۇر ياكى
شورلانغان ئوچاق قاتارلىقلارغا يېقىش ئۇسۇلى بىلەن پە-
شۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك نان، نان يېقىش
كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى ناۋاي، مەخسۇس نان
يېقىش ئىشى ياكى كەسپىنى ناۋايلىق، نان ياقىدىغان ئۆي
ياكى ئورۇن ناۋايخانا دەپ ئاتىلىدۇ. ناۋايلىق كەسپى
ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاساسلىق ئەسلىھە ۋە سايمان-
جابدۇقلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ئەسلىھە ۋە
سايمان-جابدۇقلار ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ ناۋايلىقتىن
ئىبارەت مەدەنىيەت ھاسىلاتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەر-
يانىدىكى يۈكسەك ئەقىل-پاراستى ۋە تىنىمسىز ئىزدى-
نىش روھىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە پەقەت ئۇيغۇر ناۋاي-
چىلىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەسلىھە ۋە سايمان-جاب-
دۇقلاردىن تونۇر، خۇي، جۇۋا، ئەلگەك، تارتقۇ، نان
تاختا، چەككۈچ، خامتاراچ، تەڭنە، تەۋەك، پەشخۇن،
يەڭلىك، رېپىدە، پەرتۇق، دەسمال، لاخشىگىر، ئىلمە
زىخ، كۆسەي، چوقام، تۇزلۇق، قاپقاق كاناي، چۆمۈچ،
تارازا قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. تونۇر — ئۇي-
غۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى تارىخي
ئۇزاق، تۈرى كۆپ ئىنتىرا خاراكتېرگە ئىگە ناۋايلىق
ئەسلىھەسى بولۇپ، تونۇرنىڭ تۈرلىرىدىن كوم-كوم
تونۇر، قۇيما تونۇر، يەر تونۇر، يۈزلىمە تونۇر قاتارلىق-
لارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. تونۇر تونۇر سۇپىسى، تونۇر
تېگى، تونۇر ئېغىزى، داپخۇن «ئوتنىڭ ئوبدان كۆيۈشى
ئۈچۈن تونۇرنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قويۇلغان شامال تۆ-
شۈكىدىن ئىبارەت»، تونۇر يېنىدىن ئىبارەت تەركىبلەر-
دىن تۈزۈلىدۇ. يەر تونۇردىن باشقا ھەممە تونۇرغا سوپا
چىقىرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم ماتېرىيالى شور تۇپىسى

بولۇپ، شور توپىسى ياخشى تاللانمىسا تونۇر ياخشى چىقمايدۇ. شور توپىسى تۇز سۈيى بىلەن لاي قىلىنىپ، لايغا قوي يۇڭى ۋە ئۆچكە چۇپۇرى يېتەرلىك ئارىلاشتۇرۇلۇپ، لاي ئۆزلەشكىچە يۇغۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن قېزىلىپ تەييارلانغان يەر تونۇر بىلەن خام كېسەكتە ياسالغان يۈزلىمە تونۇر پىشۇرۇپ يۇغۇرۇلغان شور لاي بىلەن يۈزلىنىدۇ. كوم-كوم تونۇر ئالدى بىلەن سېغىز توپا ياكى كۆملاچ لاي بىلەن تونۇرنىڭ مودېلى ياسىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇغۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان شور لايىنى ئۆلچەم ۋە قائىدە بويىچە چاپلاپ، چاپلانغان شور لاي جاراڭلاپ قۇرۇغاندىن كېيىن شور لاي ئىچىدىكى مودېل تونۇر ئېلىپ تاشلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قويما تونۇر پىشۇرۇلغان لاي كىچىك بىلەك تومۇلۇقىدا 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا پىلتە قىلىنىپ، بىر قۇر، بىر قۇردىن قويۇپ ياسىلىدۇ. ئومۇمەن تونۇرلارنىڭ تېگى كەڭرەك، قورساق قىسمى گۈمرەڭگۈ، ئۈستى تار ھالەتتە ياسىلىدۇ. ھەرقانداق تونۇرنىڭ ئېغىز قىسمىغا شور لايدىن قېلىن ھەم چوڭ گىرۋەك چىقىرىلىدۇ. تونۇرغا ئوچاقتا ئوخشاشلا قۇرۇغان شاخ-شۇمبا، زىرائەت پاخلى، كېۋەز، قوناق شادىسى، مەدەك، چارۋا ماللار تەرىپىدىن يەپ چىقىرىلغان خەشەك، ھايۋان تېزىكى، تۈرلۈك دەرەخلەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى قالمىغان كېرەكسىز ياغاچلىرى، قوراي، چاتقال قومۇش، كۆمۈر قاتارلىقلار يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. چالا كۆيىدىغان يېقىلغۇلار قالانمايدۇ. تونۇر يۇقىرىقى ئوتۇن-يېقىلغۇلار بىلەن قىزدۇرۇلۇپ، تونۇر ئوتى باشلىقى قالاق شەكلىدە ياسالغان ئۇزۇن كۆسەي «چاقام» بىلەن ئوتتۇرىغا يىغىلىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئاز مىقداردا سۇ ھېيى قېتىلغان شاكىراپ چېچىلىدۇ ھەم ئوت ئۈستىگە ئاز-ئازدىن سۇ چېچىلىپ تونۇرنىڭ ھاۋىسى تەڭشىلىپ نان يېقىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تونۇرنى تۇنجى قېتىم قىزىتقاندا، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش ۋە يېڭى تونۇر سالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خېمىرىغا ئالاھىدە ئىشلەپ ۋە باشقا خۇرۇجلار ئارىلاشتۇرۇلغان ئازراق نېپىز راسلانغان بىر خىل نان ياقىدۇ. بۇ «گاس نان» دەپ ئاتىلىدۇ. گاس نان قوشنا-قولۇم ۋە يېقىن-يورۇقلارغا تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم يېقىلغان نان ئۇچۇرما نان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «سەن ياخشى مەن ياخشى، تونۇر قىزىق نان ياخشى»، «تونۇرى بىر، كۆسيى باشقا»، «تونۇرنىڭ چىشى يوق ئوتۇن تاللىماس، كۆپ ئۆيلەنگەن ئەر خوتۇن تاللىماس»، «ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق»، «ناننى تونۇر بېشىدا كۆر، جۇۋاننى مەشرەپتە»، «ناننى ئوخشاتقان تونۇرى، ئىشنى ئوخشاتقان ھۈنىرى»، «تونۇر بېشىدا نان كۆرمە، چىراغ قېشىدا قىز كۆرمە»، «سوغۇق تونۇردا نان تۇرماس» دېگەن ماقال-تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تونۇر بېشىدا تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، زوڭزاراپ ئولتۇرۇش قەتئىي چەكلىنىدۇ. تونۇرنى دەسسەشكە، ئاتلاشقا بولمايدۇ. تونۇرغا ئوت سالغاندا پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى چەكلىنىدۇ. تونۇر بېشىغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ. تونۇر كۈلى بىلەن ئەخلەت بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىنمايدۇ. كونىراپ كاردىن چىققان تونۇرنىڭ توپىلىرى ئادەم دەسسىمەيدىغان، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلمايدىغان ئورۇنلارغا كۆمۈلۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بەزى كېسەللىكلەرگە تونۇر چالمىسى ياكى ئوچاق چالمىسى قىزىتىلىپ دورا قىلىنىدۇ.

خۇي — تونۇرغا يېقىلغان ناننى دۈملەش ئۈچۈن، تونۇرنىڭ ئاغزىغا يېپىلىدىغان تاغار پارچىسى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردىن ئىبارەت.

جۇۋا — ئىككى تەرىپى قىرىلىپ قول بىلەن تۇتۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، نېپىز نانلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئوتتۇرىسى 10-15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تولۇقچە شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ياسالغان تۆشۈك جابدۇقتىن ئىبارەت. ئەلگەك — ئەلگەك تاماق ۋە نان يېقىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان بۇغداي ۋە قوناق ئۇنلىرىنى تاسقاپ، ئۇندىكى كېپەك ھەم بەزىبىر ئارىلاشمىلارنى ئايرىش، قىسمەن ئەھۋاللاردا سۈت، سۇ سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئەلگەك قېلىن ئەلگەك ۋە شالاڭ ئەلگەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇغداي ئۇنى قېلىن ئەلگەكتە، قوناق، تېرىق، ئارپا ئۇنلىرى شالاڭ ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ. ئەلگەك قۇرۇلما جەھەتتىن ئەلگەك قاسقىنى ۋە تاسقاش تورىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەلگەك نېپىز تىلىنىپ قۇرۇتۇلغان سۆگەت پىنى تەپتى تۆۋەن قوقاسقا قاقلىنىپ، سېپتىلىق بىلەن ئېگىلىپ قاسقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، قاسقان تېگىگە تاسقاش تورى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كېچىسى ئەلگەك سوراش، ئەلگەكنى ئۇن بىلەن قويۇپ قويۇش، ئەلگەكنى دۈم قويۇش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ»، «ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس»، «ئەلدىن ئايرىلغانىنىڭ

ئەلگىكى تۆشۈك»، «ئەلگەك قاققۇچىلىقىڭ بولسا، ئەرگە
تەگ»، «ئەلگەككە ئۇن تاپقان، تاماققا تۇز تاپار»،
«ئەلنىڭ كۆزى، ئەلگەكنىڭ كۆزى»، «نامرات بولساڭ،
شالاڭ ئەلگەكنىڭ ئۇننى يە»، «مەن ئۆزۈم نامرات
ئوغۇل، باللىرىمنىڭ ئەگلى يوق، ئاندا-ساندا پۇل
تېپىپ، ئەلگەكنى ئالسام تەگنە يوق» دەيدىغان ماقال ۋە
قوشاقلار بار.

قىل ئەلگەك ــــ ئاتنىڭ قۇيرۇق قىللىرىدىن توقۇل-
غان قېلىن ئەلگەكنى كۆرسىتىدۇ.

تارتقۇ ــــ ئۇن تاسقايدىغان ئەلگەكنى ئالدى-كەينى-
گە سىلكىندۈرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەلگەك-
نىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ئىككى باشلىق ياغاچ قۇرۇلمى-
لىق تۆشۈك جابدۇقىدىن ئىبارەت.

نان تاختا ــــ نان تاختا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-
ئىچمەك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىش ئورنى كەڭ ھەم مۇھىم
بولغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسلىقى نان زۇۋۇلى-
سىنى تاۋلاش، نان، ژىت، قۇيماق يۇزىنى ئېچىش،
تۈگۈر، مانتا، سامسا، گۆشنان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ
جىلتىسنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلگەندىن
سىرت، نان توشۇش ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىنىدۇ. نان تاختا
ئاساسەن توغراق، سۆگەت، تېرەك، قارىغاي ياغاچلىرىدا
تۆت چاسا ياكى دۈگىلەك شەكىلدە ياسىلىدۇ. تۆت چاسا
نان تاختىنى ياساشتا يۇقىرىقى ياغاچ پەنلىرىدىن 40-50
سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 20 سانتىمېتىر 25 كەڭلىكتىكى
ئىككى تال پەن سىلىق، سىپتا رەندىلىنىپ، بىر-بىرىگە
يايسا كەلتۈرۈلۈپ چېتىلىدۇ. ئاندىن نان تاختىنىڭ تېگى
تەرىپىنىڭ ئىككى باش تەرىپىگە يېقىن يېرىدىن توغرىسىغا
زاكرۇ تارتىلىپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە ئېرىقچە ئېلى-
نىپ، ئېلىنغان ئېرىقچىگە ئىككى ياغاچچە سېلىنىپ پۇختىلى-
نىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇن سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە پۇللۇق
ئورنىتىلىدۇ. ئۈستى يۈز قىسمى يەنىمۇ سىلىق رەندىلى-
نىپ، قۇم قەغەز سېلىنىپ سىلىقلىنىدۇ. دۈگىلەك نان تاختا
يۇقىرىقى ياغاچ پەنلىرىنى مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە
راسلاپ، بىر-بىرىگە يايسالاشتۇرۇلۇپ، چېتىلىدۇ. ئاندىن
سىركۇل بىلەن چوك-كىچىكلىك ئۆلچىمى بويىچە چەمبەر
ھاسىل قىلىنىپ، سىم ھەرە بىلەن ئايلاندۇرۇلۇپ كېسى-
لىپ، خالىغان بىر شەكىلدە تۇتقۇچ چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ.
تۇتقۇچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، پۇختى-
راق يىپ ياكى پاكىز تاسما ئۆتكۈزۈپ ھالقا قىلىپ قويۇلى-
دۇ، ھالقا قىلىنغان يىپ ياكى تاسما نان تاختىنى ئېسىپ
قويۇش رولىنى ئوينايدۇ.

چەككۈچ ــــ چەككۈچ يەنە بىر ئاتىلىشى تۇكچە
بولۇپ، ئاساسەن راسلانغان نان-توقاچلارنىڭ ئۈستى
يۈزلۈكىگە نەقىش ۋە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدى-
غان تۆشۈك جابدۇقى. چەككۈچ ئادەتتە توخۇ، ئۆردەك،
غاز قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنىڭ قانات ۋە قۇيرۇق پەيلىرى-
دىن مۇئەييەن شەكىل چىقىرىلىپ، دۈگىلەك ھالەتكە كەل-
تۈرۈلۈپ، يىپ-شوينىلار بىلەن مەھكەم باغلىنىپ، ئوتتۇ-
رىنىڭ كۆپرەك قىسمى رەخت بىلەن قاپلىنىپ ياسىلىدۇ.
يەنە بىر خىلى توغراق، سۆگەت، تېرەك، قاپاق تېرەك،
تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن
چەككۈچ بولغۇدەك بادرا تاللىنىپ، يونۇش، قىرىش ئار-
قىلىق تېگى كىچىكرەك سىركايە چىنىنىڭ ئېغىزى چوڭلۇ-
قىدا دۈگىلەك ھالەتكە تۇتقۇچى 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق
ۋە باش بارماق توملۇقىدا سوزۇنچاق ھالەتكە كەلتۈرۈ-
لۈپ، تېگى يۈزلۈكىگە ئۇششاق ياغاچ مىقلار قېقىلىپ يا-
سىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئوخشماپتۇ تۇكۈچى، ئاقناننىڭ،
توقاچ ناننىڭ، يار قىلسۇن ئىلاجىنى، قىينالغان ئەزىز
جاننىڭ» دېگەن قوشاقلار ئۇچرايدۇ.

خامتاراچ ــــ مەخسۇس نانغا يۇغۇرۇلۇپ بولدۇرۇل-
غان خېمىرنى زۇۋۇلا قىلىش ئۈچۈن ئۆلچەملىك كېسىشكە
ئىشلىتىلىدىغان قالاقسىمان پىچاقنى كۆرسىتىدۇ.

تەگنە ــــ يەنە بىر ئاتىلىشى كاساڭ بولۇپ، ئۇيغۇر-
لارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىدا ئىشلىنىش دائىرىسى
ئىنتايىن كەڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرى-
نىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن خېمىردا بولىدىغان بارلىق يې-
مەكلىكلەرنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇش، مايدا پىشقان يېمەك-
لىكلەرنى سۇۋۇتۇش، ئۆپكە قانسىرىتىش، ئۆپكە قۇيۇش،
ئۆپكىگە قۇيۇلىدىغان ئۆزنى تەگشەش، مۇھىم مەرىكىلەر-
دە گۇرۇچ يۇيۇش، خام ۋە پىشقان گۆشلەرنى ئېلىش قا-
تارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. تەگنە شەكىل جەھەتتىن ئېل-
لىپىس شەكىللىك بولۇپ، ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قاراپ ئاش
تەگنىسى ۋە نان تەگلىسى دەپ ئىككى تۈرگە، ياسىلىش
ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چوڭ گىرۋەكلىك، ئارا گىۋەكلىك
ۋە كىچىك گىرۋەكلىك ۋە گىرۋەكسىز ئاياغ دەپ تۆت
تۈرگە، تۈرقىغا قاراپ چوڭ تەگنە، ئارا تەگنە ۋە كىچىك
تەگنە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەگنە ئاساسەن قارا
سۆگەت، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، توغراق قاتارلىقلار-
نىڭ ياغاچلىرىنى يونۇش، چېپىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.
ئېللىپىس شەكىللىك تەگنە ياسىلىش ئەھۋالىغا قاراپ يۇقىرىدا

تىلغا ئېلىنغان ياغاچلارنىڭ كۆتىكىدىن ئىچى نىسبەتەن چوڭقۇرراق، يانلىرى ياپياڭ، تېگى تۆت چاسا، سىرتىنىڭ تۆت تەرىپى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يانتۇ چېپىپ چۈشۈرۈلۈپ، تېگىگە تۆت چاسا تەگلىك چىقىرىلغان ۋە ئەڭ ئۈستى قىسمىغا ئەھۋالغا قارىتا گىرۋەك چىقىرىلغان ھالەتتە ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «تەگلىدە نان بولسا، بىلەكتە جان بولار»، «ئوبدان خوتۇن ئالساڭ، ئاشقا توشار كاساڭ»، «كاساڭدىكى خېمىرنى، ئەمدى قىلدىم زۇۋۇلا، كۆيۈپ قالغان گۇناھقا، جاننى بوشراق ئۇۋۇلا» دېگەن ماقال-تەمسىل ۋە قوشاقلار بار.

تەۋەڭ — نان ۋە مېۋە قاتارلىقلارنى تىزىپ، باشتا كۆتۈرىدىغان چوڭ يۇملاق ياغاچ تاۋاق ياكى شۇ شەكىلدە توقۇلغان سېۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

پەشخۇن — نان يېقىلىدىغان خېمىرنى چەيلەپ يۇغۇرۇش، زۇۋۇلا قىلىپ نان راسلاش ۋە سېتىلىدىغان نانلارنى تىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچتىن ياسالغان تاختىدىن ئىبارەت.

يەڭلىك — مەخسۇس نان يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقىدۇر. يەڭلىكنىڭ يەنە بىر نامى گەزنە دەپ ئاتىلىدۇ. يەڭلىك چوڭ يەڭلىك ۋە كىچىك يەڭلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ يەڭلىكتە چوڭ نان، كىچىك تەڭلىكتە توقاچ يېقىلىدۇ. يەڭلىك ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توقۇلۇشى پۇختا، كىر كۆتۈرۈشچانلىقا ئىگە پاختا رەختتىن يەڭلىك قېپى تىكىلىدۇ. يەڭلىك قېپىنىڭ ئالدى يۈزلۈكى ئادەتتىكى رەختتىن، كەينى يۈزلۈكى قېلىنراق رەختلەردىن ياكى كاناپ رەخت، پالاس پارچىسى قاتارلىقلاردىن تىكىلىپ، يەڭلىكنىڭ تۇتۇش ئورنىغا قول پاتقۇدەك قىلىپ، بارماقسىز پەلەي شەكلىدە بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مۇنداق قىلغاندا نان ياققۇچىنىڭ قول دۈمبىسى ئوت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئاندىن قارىياغاچ ياكى سۆگەت تېلىدىن 30ـ، 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دۈگىلەك قاسقان توقۇلىدۇ. بۇلار پۈتكەندىن كېيىن توقۇلما قاسقان يەڭلىك قېپى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاز مىقدارا زىغىر ياكى بۇغداي پاخلى سېلىنىپ، سەل كۆپتۈرمە ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ تىكىلىپ تەييارلىنىدۇ.

رېپىدە — رېپىدە تونۇرغا قوناق زاغرىسى يېقىش ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان ناۋايلىق جابدۇقى بولۇپ، ئادەتتە توقۇلۇشى تۇتاملىقراق كاناپ تاللىق رەختلەرنىڭ ئىچىگە نورمال قېلىنلىقتا پاختا ياكى يۇڭ سېلىنىپ، تۆمۈنە يىڭنە بىلەن ئۇششاق شىرىلىپ، قولنىڭ ئالقان قىسمىغا توغرا كېلىدىغان تەرىپى دۈگىلەك ھالەتتە بارماقسىز پەلەي شەكلىدە، ئۈستى تەرىپى تۈز كانايچە شەكىلدە جەينەككە يەتكۈدەك ئۇزۇنلۇقتا تىكىلىدۇ. رېپىدىنىڭ مۇنداق قېلىپ تىكىلىشىدىكى سەۋەب قوناق زاغرىسىنى قىزىق تونۇرغا چاپلىغاندا دەرھال چاپلاشماي، چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بولىدۇ. شۇڭا قوناق زاغرىسىنى تونۇرغا چاپلاپ تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قىزىق تونۇرغا ئۇزاق قول تىقىپ تۇرغاندا قولنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە مېھنەتكەش ئانىلىرىمىز رېپىدىدىن ئىبارەت بۇ ئىختىرانى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، نان يېقىش ئىشلىرىنى ئاسانلىققا يۈزلەندۈرۈش بىلەن بىللە، يېمەكلىكنى قەدىرلەش ئېڭىنى نامايان قىلغان. رېپىدىنى بەزى ئورۇنلاردا كەپ دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

پەرتۇق — يەنە بىر ئاتىلىشى پەشتاما بولۇپ، نان يېقىش جەريانىدا ناۋاي ئالدىغا تارتىۋالىدىغان بوغقۇچلۇق جابدۇقتىن ئىبارەت.

دەسمال — تۆشۈك ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقى 30ـ40 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان پاختا رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. دەسمال تۆشۈك ئىشلىرىمىزدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان ھەممە باب جابدۇق بولۇپ، قازان-قومۇچ، چىنە-قوشۇق، دۆشە-قىڭراق، ئاشتاختا-نوغۇچ، تەڭنە-نانتاختا، كەپكۈر-پىلتىدان، جىمبىل-قاسقان، سېكىلەك-پوزا، قىرغۇچ-قىيقاچا قاتارلىق تۆشۈك جابدۇقلىرىنى سۈرتۈش ۋە كۆڭۈلدىكىدەك پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايناق سۇدا پاكىز يۇيۇلۇپ ۋە قۇرۇتۇلۇپ، پاكىز ئورۇندا ساقلىنىدۇ. ناۋايلىقتا دەسمال تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەشتە تونۇرنىڭ ئىچىدە پىرقىرىتىپ شامال چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا دەسمالدا قول سۈرتۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ، ئۇيغۇرلاردا «بەڭگە جىلە بولسا ناسۋال يەر، مەست جىلە بولسا دەسمال يەر» دېگەن ماقال بار.

لاخشىگىر — چوغ قىسقۇچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەش ۋە ئوچاقتىكى ئوتۇننى تۈزەشتۈرۈش، نان قومۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

ئىلمە زىخ — ئىلمە زىخ ئاساسەن چىمچىلاق قول توملۇقىدىكى مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر چوكىلىرىدىن ئۈچ تەرىپى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا تىك ئېگىلىپ، كەينى تەرىپى چويلا سېپى توملۇقىدىكى 30ـ، 40 سانتىمېتىر

ئۇزۇنلۇقتىكى تاغاچقا قېقىلىپ ياسىلىدۇ. ئىلمە زىخ ئادەتتە نان قومۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

كۆسەي ــ تونۇر قىزىتىش جەريانىدا تونۇرغا قالانغان ئوتنى تەڭشەش، تونۇر سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئوتنى ئىچىگە ئىتتىرىش، تونۇرغا سالغان ئوتۇننىڭ راۋان، ئۇلۇغ كۆيۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇق ۋە بىلەك توملۇقىدىكى قۇرۇق ياغاچتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ھۆل ياكى يېڭى كېسىلگەن ياغاچلارنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەيدۇ» دەيدىغان ماقال بار. بۇنىڭدىن كۆسەينىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىشلىنىش رولىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

چوقام ــ تونۇردىكى چوغلارنى يىغىپ توپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ساپ بېكىتىلگەن ئۈچ تەرەپى ئالىقانسىمان كوزىلىق تۆمۈردىن تەركىبلەنگەن كۆسەي بولۇپ، بۇنى يەرلىك خەلقلەر چوقام دەپ ئاتايدۇ.

تۇزلۇق ــ تۇز سۈيى ئېلىنىدىغان ئارىراق قاچىدىن ئىبارەت.

قاپقاق كاناي ــ قاڭىلتىردىن كونۇس شەكلىدە ياسىلىپ، تونۇرنىڭ ئېغىزىغا قويۇلۇپ، ئۇچى ناۋايخانا تۈڭلۈكىدىن چىقىرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تونۇردىن چىققان ئىسنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ناۋايلىق جابدۇقىدىن ئىبارەت.

چۆمۈچ ــ قاڭىلتىر ياكى مىستىن ئادەتتىكى سۇ چۆمۈچىدىن چوڭراق ياسىلىپ، تونۇردا پىشقان سامسا ۋە گىردىلەرنى قومۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ناۋايلىق جابدۇقىدىن ئىبارەت.

تارازا ــ زۇۋۇلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تەڭشەشتە ئىشلىتىلىدۇ. خېمىر ئاۋۋال تۆت كىلوگىرامدىن قىلىپ جىڭلاپ بۆلۈۋېلىنىپ، ئاندىن ھەر بىر پارچە خېمىر ئون پارچىغا بۆلۈنۈپ راسلىنىدۇ. تارازا مۇشۇ ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ كۈندىكى ياقىدىغان ناننىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىشلى بولىدۇ.

خەلقىمىز ناۋايلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھە ۋە سايمان-جابدۇقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ناۋايلىققا ئائىت ھۈنەر ناملىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر ناۋايلىقىغا ئائىت ھۈنەر ناملىرىدىن خېمىرگەر، پەركەش، نانپەز، نان ساتقۇچى، نانپۇرۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

خېمىرگەر ــ مەخسۇس خېمىر يۇغۇرۇپ، چەيلەپ، زۇۋۇلا قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

پەركەش ــ ئاق ناننى ئېچىپ راسلىغۇچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

نانپەز ــ راسلانغان ناننى تونۇرغا ياققۇچى ئۇستىنى كۆرسىتىدۇ.

نان ساتقۇچى ــ مەخسۇس تونۇر بېشىدا تۇرۇپ پىشقان ناننى ساتقۇچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

نانپۇرۇش ــ ناۋايدىن نان ئېلىپ، باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سېتىش ئىشىنى قىلغۇچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئون نان ساتسا بىر ناننىڭ پۇلىغا ئېرىشىدۇ.

تۆۋەندە ئىستېمالىمىزدىن قېلىۋاتقان بىر قىسىم نانلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

قاۋاماش ــ ياغ چېكىلگەن كاكچا نان. كاكچا نېپىز ئېچىلىپ، سىڭدۈرۈلۈپ پىشۇرۇلغان ناننى كۆرسىتىدۇ.

ياغلىق توقاچ ــ بولدۇرۇلغان خېمىرنىڭ تەركىبىگە ياغ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، گىردە چوڭلۇقىدا قىلىپ راسلىنىپ، چەككۈچ چېكىپ تونۇرغا يېقىش يولى بىلەن تەييارلىنىدىغان توقاچ تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

دامان ــ نان زۇۋۇلىسى بىراز نېپىزلىتىلىپ چەككۈچ سېلىنىپ، تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان گىردە نان تۈرىدىن ئىبارەت.

شىرمانان ــ ناننىڭ بىر خىلى. ئادەتتىكى نانلاردىن يوغانراق بولۇپ، ئۈستىگە گۈل چېكىلىدۇ، يۈزىگە جىگدە شىرنىسى سۈرۈلۈپ، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ.

خۇي گىردە ــ ھوردا دۈملىنىپ پىشۇرۇلغان گىردىنى كۆرسىتىدۇ.

چاۋات ــ يۈزىنى چوڭ ۋە نېپىز ئېچىپ پىشۇرۇلىدىغان ناننى كۆرسىتىدۇ.

بۇس نان ــ تەكشى ۋە نېپىز يېيىلغان خېمىرنىڭ يۈزىگە قايماق ياكى ئەبجەش ماي بىلەن پىياز قاتارلىق ھەر خىل خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىنى سۈركەپ، ئاندىن بىر چەتتىن ئۇزۇنچاق تۈرۈپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان تۈرىدىن ئىبارەت.

ھەپەش ــ پېتىر خېمىرنى جىلتە ئېچىپ ئىچىگە قىيما ئېلىپ، قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ ھوردا پىشۇرۇلىدىغان مانتىدىن ئىبارەت.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئادەتلىرى



**تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، گۈلجەمىلە ئەزىز**

قاتناش-ترانسپورت ــ ئىنسانلارنىڭ ماددىي بۇيۇملارغا بولغان ھەرخىل ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى رۇناق تاپقۇزۇش، سەيلە-ساياھەت، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ماددىي فولكلور ھادىسىلىرىدىن بىرى.

قاتناش-ترانسپورت ھەققىدە گەپ بولغاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالىتىدىن ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. تېخى قاتناش-ترانسپورت قوراللىرى بارلىققا كەلمىگەن ئىپتىدائىي دەۋردە پىيادە يول يۈرۈش، ئادەم بەدىنىدە يۈك توشۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قاتناش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس بىر يۈرۈش ئۆرپ-ئادەتلىرى بولغانلىقى مەلۇم.

قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئەقىللىق، ئىجادكار ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىشلىرى، ئۇزاق يولنىڭ جاپالىرىنى يېنىكلىتىپ، تۈرلۈك نەرسە-كېرەكلەرنى ئۈنۈملۈك توشۇش جەريانىدا يارىتقان ئۇلۇغ كەشپىياتى بولۇپ ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەردىكى تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

«1949-يىلدىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى ئاساسەن ئات، كالا، تۆگە، ئېشەك، ۋە ھەر خىل يارىيار ھارۋىلار ئىدى ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خېلى بۇرۇنلا ئات، يارىيار ھارۋىنى قاتناش قورالى قىلىپ ئىشلەتكەن. تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى «ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭ»لار دەپ ئاتىغان. چۈنكى ئۇلار ئىشلەتكەن ھارۋا بەكلا ئېگىز بولغانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قەدىمىي قاتناش قورالى ھازىرمۇ قىسمەن رايونلاردا ئىشلىتىلمەكتە.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، زېرەكلىكى ۋە ئىجادكارلىق پىسخىكىسىغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتىغا ماس كېلىدىغان قاتناش قوراللىرىدىن ئات، كالا، ئېشەك، تۆگىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سال، كېمە، چىرغا (شىرغا)، تۇلۇم، چىنە (چانا) قاتارلىقلارنى ياسىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

يەنە هايۋانلارغا ماس كېلىدىغان ئېگەر، ئۈزەڭگە، لىڭگىرچاق، توقۇم، ئۇچلىق، كاجىۋا، يۈگەن، نوختا، چۇلۋۇر، تۆشباغ (تۆش)، قوشقۇن، بالباغ، سىيەچۈك (لەڭگۈك) يانبېغى، بۇغا، جەگە، دۇمبىلىك، چۇلۇك، قامچا، چوم، قوڭغۇراق، كولدۇرما، تاقا، هارۋا قاپقى قاتارلىق پۈختا، ئەپلىك، سىپتا جابدۇقلارنى ياساپ، ئۆزگىچە قاتناش مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ئەۋلادىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشقان لوپنۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا كەم تۆردە ئىشلىتىلىپ نۇرغۇن قولايلىقلارنى ياراتقان مانا بۇ تەۋەررۈك قاتناش قوراللىرىمىز ئات، ئېشەك، تۆگىلەردىن باشقا ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن كۈچلۈك خىرىسلارغا دۇچ كېلىپ بارا-بارا ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ مۇزېيلاردىكى قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئايلىنىپ قالماقتا.

لوپنۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بىر قىسىم هايۋانلارنى كۆندۈرۈپ باقتى. نەتىجىدە ئات، كالا، قېچىر، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇلاغ-كۆلۈك ئورنىدا ئىشلىتىلدى، ئۇلارنى ئوۋدا، سەپەردە، مال-پادا بېقىشتا، يۈك توشۇشتا، دېھقانچىلىقتا كەڭ ئىشلىتەتتى.

1. ئات — لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا ئۆز ئەتراپىدىكى هايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ هايۋانلار ئارىسىدا بىر قەدەر كۈچلۈك، جانلىق، ئەقىللىق، ھەرىكىتى تېز بولغان ئاتنى بىر تەرەپتىن ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەكلەرنى يېنىكلەتكەن. ئۇزۇن يوللارنى قىسقارتقان، شۇ ئاساستا كىچىك تىپتىكى قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن.

يۇقىرىقى بايانلارغا شۇ نەرسىنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئات لوپنۇرلۇقلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا، تۇرمۇشىدا، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئالاھىدە رول ئوينىغاچقا ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن ۋە خەلق ئارىسىدا ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت، قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن.

2. ئېشەك، قېچىر — ئېشەك، قېچىر لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش قورالى. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېشەك، قېچىرلاردىن پايدىلىنىش تارىخىمۇ خۇددى ئاتقا ئوخشاش قەدىمكى دەۋرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېشەك، قېچىرنى مىنىشنى ئاساس، ھارۋىغا قوشۇشنى قوشۇمچە قىلىپ پايدىلىنىپ كەلگەن. قېچىر ئەمەلىيەتتە ھاڭگا ئېشەكنى بايتال ئات (چىشى ئات)قا چېتىشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سورتلۇق ئېشەك. تا ھازىرغىچە قاتناش-ترانسپورت ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا كەڭ تۆردە ئىشلىتىپ كېلىنگەن ياۋاش، كۈچلۈك ھايۋان، ھەتتا يېقىنقى كۈندىمۇ لوپنۇر خەلقى ئىچىدە ئېشەككە ئۇچلۇق توقۇپ مىنىپ ياكى بولمىسا رېزىنكە چاقلىق ھارۋىسىغا قېتىپ، بالىچاقىلىرىنى چىقىرىپ، بازار — ئۇچاغا ۋە كۆزلىگەن جايلىرىغا بېرىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئۇ ھەقىقەتەن زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئومۇملاشقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەسقېتىپ كېلىۋاتقان ھايۋاندۇر.

3. كالا — لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كالىنىڭ كۈچىدىن ئالدى بىلەن دېھقانچىلىقتا پايدىلانغان، يەنى ساپان سۆرىتىپ يەر ھەيدەش، خامان تېپىش، سۆرەم سېلىش قاتارلىقلار. كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا ھارۋىغا قوشۇش، يۈك توشۇش، مىنىش قاتارلىق قاتناش-ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە كەڭ تۆردە ئىشلەتكەن.

4. تۆگە — ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدىكى سېھىرلىك، كۈچتۈڭگۈر، چىدامچان، زېرەك، ياۋاش، مۇقەددەس سانىلىدىغان ھايۋان. تۆگە قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئاساسلىقى دەشت-قۇملۇق يوللاردا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ئەڭ مۇھىم قاتناش قوراللىرىدىن بىرى.

قەدىمكى كىشىلەر خەتەرلىك يوللاردا تامامەن ئات، تۆگىلەرنىڭ شارائىتىگە تايىناتتى. چۈنكى نەدە قۇدۇق، نەدە بۇلاق بار ئىكەنلىكىنى ئاشۇ جاپاكەش ئات بىلەن تۆگىلا پۇراپ تاپالايتتى. كېلىۋاتقان قۇم بورىنىدىن پەقەت تۆگىلا ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. چۆلدە بوران چىقىشتىن ئىلگىرى تۆگە پۇشقۇرغىنىچە بېشىنى پۈتلىرىنىڭ ئارىلىقىغا تىقىۋېلىپ ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەرھال تۆگىنى چۆكتۈرۈپ، باش كۆزلىرىنى ئوراپ، تۆگىنىڭ بېقىنغا كىرىۋېلىش لازىم. بولمىسا ئۆلمەكتىن باشقا چارە يوقتۇر!

لوپنۇر خەلقى تۆگىنى مۇھىم قاتناش قورالى ھېسابلاپ پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇنداق بولۇشى تۆگىنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدە تەرەپلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1. تۆگە چىدامىلىق ھايۋان. ئۇ ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا، قار-يامغۇر، بوران-چاپقۇنغا، سوغۇققا چىدامىلىق. تۆگە ئادەتتە ئۇسسۇزلۇققا ئىككى ئاي، ئاچلىققا 20 كۈن بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. دۈمبىسىدىكى ئىككى لوككىسى ئەملەك ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. كۆپىنچە يانتاق، توغراق غازىڭى، قومۇش، يۇلغۇن شاخلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. سەپەردە ئاتقا ئوخشاش بېشىغا تۇۋرا (ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇمشۇقىنى كىرگۈزۈپ، بېشىغا ئېسىپ بوغۇز بېرىدىغان باغلىق خالتا) ئېسىپ بوغۇز بېرىش ھاجەتسىز، تېرىقنىڭ ئۇندا يوم قىلىپ ئاغزىغا سېلىپ قويسا كېتىۋېرىدۇ، تۆگىگە سۇ چۇشمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ئاتقا ئوخشاش سوۋۇتۇپ سۇ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.

2. تۆگىنىڭ تاپىنى كەڭ ھەم يۇمشاق بولۇپ، قار-مۇزلۇق داۋانلاردا تېيىلىپ كەتمەيدۇ، قۇم بارخانلىرىدا چۆكۈپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاقلاش ھاجەتسىز.

3. تۆگە ئەقىللىق، زېرەك ھايۋان بولۇپ، تەرەپلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىنى تېپىپ قايتىپ كېلەلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تۆگە 15 كىلومېتىرغىچە يىراقلىقتىكى ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى پۇراپ سېزىۋالىدۇ، 50 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى ئوت-سۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ بىلىۋالىدۇ.

4. تۆگىنىڭ يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى. تۆگە ئات، قېچىرلارغا قارىغاندا كۆپرەك يۈك كۆتۈرىدۇ، تۆگىنىڭ ئەڭ ساغلاملىرى (مەيلى بۇغراسى، مەيلى ھىنگانى بولسۇن) 250 جىڭدىن 400 جىڭغىچە يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، تۆگە ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق «چۆل كېمىسى»دۇر.

بۈگۈنكىدەك زامانىۋى قاتناش قوراللىرى كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان دەۋرلەردىمۇ تۆگە يەنىلا تەكلىماكان ئەتراپىدىكى يېزا-كەنتلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق قاتناش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە، ئادەتتە تۆگە قاتنىشىدا نوختا، چۇلۇك، تۆگە قوڭغۇراقلىرى قاتارلىق جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش-ترانسپورت ھەمدە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يارىيار ئاراۋا (ھارۋا)، تۆمۈر ھارۋا، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، چىرغا (شىرغا)لارنى ئىشلەتكەن، لوپنۇر دىيالېكتىكىدا ھارۋىنى ئاراۋا دەپمۇ ئاتايدۇ.

1. يارىيار ھارۋا — يارىيار ھارۋىنىڭ چاقى يوغان ھەم ئېگىز بولۇپ، ئۇ سۆگەت ياغىچىدىن قاسقان شەكلىدە توغام قىلىپ ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. چاقنىڭ دىيامېتىرى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. گۇگۇسۇنلىرىمۇ (شادىلىرىمۇ) ئۇزۇن، گۇگۇسۇن ئارىلىقىمۇ كەڭ كېلىدۇ. ھارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ھارۋىنىڭ جازىسى شۇ ئوق ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. يارىيار ھارۋىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يېنىك، تەننەرخى تۆۋەن، چاقىنىڭ ئايلىنىش كۆلىمى كەڭ، شۇڭلاشقا يول ئاينىيدۇ، ئەمما كۆتەك ھارۋىدەك پۇختا ئەمەس.

2. تۆمۈر ھارۋا — تۆمۈر ھارۋىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتە كۆتەك ھارۋىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر پەرقى شۇكى، چاق ئۇلتىڭىغا تەخمىنەن 1.5 سانتىمېتىردىن ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۆمۈر تارتىلىپ، ياغاچ چوڭلۇقىدىكى مۇدۇر باش تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلىنىدۇ، ھەر بىر مىخ ھارۋىنىڭ پەقەت چاقىنىڭ ئۇلتىڭىغىلا تۆمۈر ئىشلىتىلىدۇ، «تۆمۈر ھارۋا» كۆپىنچە كىراكەشلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، بىر تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرەلەيدۇ.

3. رېزىنكە چاقلىق ھارۋا — ئاساسەن شەكلى تۆمۈر ھارۋىغا ئوخشايدۇ، لېكىن چاقى ھازىرقى ۋېلىسىپىتنىڭ چاقىغا ئوخشايدۇ، تۆمۈر ئوقلۇق، تۆمۈر قاسقاندلىق، رېزىنكە چاقلىق يالغۇز ئات ياكى يالغۇز ئېشەك قوشۇلىدىغان كىچىك ھارۋىلارنى بۈگۈنكى كۈندە لوپنۇرنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا كۆزگە ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ.

ھارۋا ئاساسەن ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۇ چاق، ئوق ۋە شوتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن ھەمدە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە نۇرغۇن قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى چاق، ھارۋا ئوقى، ھارۋا شوتىسى، ياستۇق

يالغاچ، يان پەنجىر، ئالدى ۋە ئارقا شال، شال، چېتىق (بالداق)، ئاستى چېتىق، شوتا تىرىكى، ھارۋا تەكشىكى، چوتكا، ئىلمەك قاتارلىقلار.

4. چىرغا(شىرغا) ــــ چىرغا لوپنۇردا يەنە شىرغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە ئېغىر كېسەللەرنى، مېيىتنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. چىرغىنى، ئۇزۇنلۇقى 3 ــــ 3.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى جانداغا باغلاپ ئوتتۇرىسىنى زەمبىل شەكلىدە توقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكەن قومۇشىنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاز سېلىپ كېسەل ياكى مېيىتنى ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا لوپنۇرلۇقلارنىڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىن سۇ قاتنىشى بەكرەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۆز ۋاقتىدا لوپنۇر رايونىدا نۇرغۇنلىغان دەريا، كۆللەر بولۇپ بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم سۇ يولىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. لوپنۇرلۇقلار سۇ قاتنىشىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ سال، كەمە (كېمە)، چىنە (چانا) قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ سۇ يولى ترانسپورتىنى راۋاجلاندۇرغان، سۇ يولى ترانسپورت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

سال ــــ ئىجادكار، ئەقىللىق لوپنۇرلۇقلار ئەجدادلىرىنىڭ دەريا-ئېقىنلاردىن پايدىلىنىپ، ئادەم، يۈك-تاق ۋە ئۇششاق چارۋا ماللارنى ئۆتكۈزۈش، توشۇشتا پايدىلىنىپ كەلگەن.

سالنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتىن سىرت يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، سالنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن بىرەر موتورلۇق كۈچ مەنبەسى ياكى يېقىلغۇ دېگەندەك ئېنېرگىيە سەرپ قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، سالنى باغلاش ئۈچۈن بىرەر زاۋۇت ياكى ئالاھىدە مۇئەسسەسە بىلەن قۇرۇلغان بىرەر مەيدان تەلەپ قىلىنمايدۇ، سال ــــ ئۇلتالڭ، باستۇرما، قوزۇق، گۈرجەك، پوكەي، ياندىق قاتارلىق ئالتە بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

سال لوپنۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتقاچقا ھەتتا 1960-، 1970-يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە لوپنۇرنىڭ قارچۇغا يېزىسىدىكى خەلقلەر سالنى ياغاچ توشۇشتا ئىشلىتىپ كەلگەن.

كەمە (كېمە) ــــ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا ياشاپ كەلگەن قەبىلە-ئۇرۇقلىرى ئەلك دەسلەپ ئۆزىنىڭ تەبىئىي شارائىتقا ماس كېلىدىغان ئىپتىدائىي سۇ قاتناش قورالى بولغان سالنى ئىجاد قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن بولسا، بارا-بارا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قەدەممۇقەدەم ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ياغاچتىن چوڭ-كىچىك كېمىلەرنى ياساپ، ئۇنى بىر تەرەپتىن بېلىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

2002-يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى كىرووران دەرياسىنىڭ چوڭ ئېقىنىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى بايقىغان. بۇ جايدىكى بىر قەبرىدىكى جەسەتنى دەپنە قىلىش ئادىتى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، جەسەت ئىككى دانە ئۇزۇن تاختاينى ئىككى يانغا قويۇش ۋە باش-ئاخىرىغا، ئۈستىلىرىگە كىچىك تاختايلارنى قويۇش ئارقىلىق خۇددى قولۋاققا ياتقۇزۇلۇپ قويۇلغان شەكىلدە دەپنە قىلىنغان. ھەممىگە ئايانكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئۆلمەيدۇ، ھاياتى دۇنيادا نېمە ئىشلەتكەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھى شۇ نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، جەسەتنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھەتتا مىنىدىغان ئاتلىرى بىلەن دەپنە قىلغان. لوپنۇر كۆلى ۋە كىرووران بويىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا ۋە سۇ قاتنىشىدا كېمە قاتارلىقلارنى دائىم ئىشلەتكەن بولغاچقا، بۇ جايدا ياشىغانلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ روھى قولۋاق ياكى كېمىگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ، روھى كېمىلەردە ياشايدۇ دېگەن قاراشقا بىنائەن، جەسەتلەرنى قولۋاققا ئوخشايدىغان تاۋۇت ياساپ دەپنە قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. دېمەك لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا كېمە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتقانلىقى ئۈچۈن مېيىتلەرنىمۇ كېمىگە سېلىپ دەپنە قىلغان.

قۇم دەرياسى قەبرىستانلىقىدىن گەرچە بېلىقچىلىق

uyghurkitap.com



بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇم تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بېلىقچىلىق بىلەن ئالاقىدار ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، دۈم قويۇلغان قولۋاق شەكلىدىكى قەبرە، قەبرە ئالدىغا تىكلەنگەن قولۋاق پالىقى قاتارلىقلار. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا 1934-يىلى بېرگمان «بۇ جايدا ياشىغان كىشىلەر دائىم قولۋاق ھەيدىگەن» دەپ كۆرسەتكەن.

بىز يۇقىرىقى بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە يازما بايانلاردىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ قەدىمدىلا لوپنۇرلۇقلاردا كېمە بولغانلىقى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ سۇ قاتنىشىدا كېمىنىڭ خېلى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يەنە لوپنۇر ناھىيەسى دۆڭقوتان يېزىسىدىن ئىدرىس ئىبراھىمنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىچە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قارچۇغا يېزىسىنىڭ نېرىسىدىكى ئىنچىكە ئارالدىن كېمىگە بىر توننىدەك ئاشلىق ۋە باشقا تۇرمۇش بويۇملىرىنى بېسىپ مەرەنگە ئاپىرىدىكەن، ئۇ زامانلاردا لوپنۇر، تىكەنلىك، چارا، مەرەن قاتارلىق جايلاردا سۇ ئۇلۇغ بولغاچقا ئۇلاردا ئاساسەن كېمە قاتنىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن، بۇنداق ھېكايىلەرنى ھازىرمۇ لوپنۇرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بوۋاي-مومايلارنىڭ ئاغزىدىن تەكرار-تەكرار ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

لوپنۇر كېمىلىرى ياسىلىش شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1-بېلىق تۇتىدىغان كېمە (كۆلچى كېمە) — بىر ياكى ئىككى ئادەمنى كۆتۈرىدىغان، تاياشقا ئەپلىك يېنىك كېمە.

2-چوڭ كېمە-دەريالارغا كەلكۈن كەلگەندە يوغان توغراقنى چېپىپ ياسايدىغان كېمە. 500 كىلو ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرىدىغان كېمە بولۇپ قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ، شەكلى چوڭ، ئىچى ئوي، قورساقلىق چوڭقۇر كېلىدۇ، كۆپىنچە دەريادىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق كېمىلەردە ئادەتتە ئادەم ۋە مال چارۋىلار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

3-سال كېمە (چىپتىق، كېمە، قوش كېمە) — بىر توننا ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرىدىغان كېمە بولۇپ، يۈك، ھارۋا ۋە باشقا بۇيۇملارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆتكۈزىدىغان كېمىدىن ئاز بولغاندا ئىككىنى، كۆپ بولغاندا ئۈچ، تۆتنى قاتار چېتىپ ياسىلىدۇ».

4-شال كېمە — لوپنۇرلۇقلار شال كېمىنى «ئاقسۇ كېمىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىل كېمە ئەسلىدە ئاقسۇ تەرەپتە ياسىلىپ، كەلكۈن سۈيى ئارقىلىق لوپنۇرغا ئېقىپ كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك نام بىلەن ئاتالغان. بۇ كېمە پۈتۈنلەي شالدىن ياسىلىدۇ، ئىچى كەڭ، كۆپ يۈك باسقىلى بولىدۇ، ئۆزى يېنىك بولغاچقا يۆتكەشكىمۇ ئاسان.

5-«لەيلىمە كېمە» — لوپنۇرلۇقلارنىڭ توغراقتىن چېپىلغان كېمىسىدىن ئون نەچچىنى بىر-بىرى بىلەن توغرىسىغا چېتىپ ئۈستىگە شال تىزىپ كارت شەكلىگە كەلتۈرگەن لەيلىمە كېمە بولۇپ ئىككى قاشتا كېمە توختايدىغان غاغالتا ئارىلىقىغا سىم ئارغامچا تارتىلغان ئىدى. ئىككى قاشتا كېمە توختايدىغان غاغالتا «كېمە توختىتىش ئورنى» بولاتتى. ئۇ قاشتىكى غاغالتا بىلەن بۇ قاشتىكى غاغالتا ئارىلىقىغا سىم ئارغامچا تارتىلغان ئىدى، كېمە بۇ تارتىلغان سىم ئارغامچىغا ھالقا شەكلىدە باغلىناتتى، بۇ ھالقا شەكىللىك باغلانغان ئارغامچىدا ئەركىن ھەرىكەتلىنەتتى، غاغالتىغا باغلانغان كېمىگە ئادەم، ئات-ئۇلاغ بېسىلغاندىن كېيىن بوشىتىلىپ كېمىچى سىم ئارغامچىنى تۇتۇپ تارتىپ يولۇچىلارنى ئۆتمەكچى بولغان قاشقا بىخەتەر ئۆتكۈزەتتى. بۇ كېمىنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى تەخمىنەن ئىككى توننا ئەتراپىدا بولۇپ بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە كېمە چۆكۈپ كېتىش خەتىرى يۈز بېرەتتى. يولۇچىلار كۆپ بولسا نىيا ۋە «نۆۋەت»ساقلاپ بىر، ئىككى كۈن تۇرۇپ قالاتتى. بۇ جاينى يەرلىك كىشىلەر كېمە سىلىقى دەپ ئاتايتتى».

لوپنۇر كۆلى (يۇلتۇزلۇق دېڭىز)، كۆنچى دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى ساھىللىرىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياشاپ كەلگەن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە كېمىنى بېلىقچىلىق قورالى ھەم قاتناش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، ئۆزگىچە ئۇدۇم-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ئىچىدە، بەزىدە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتى ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇ-تەلىپى بويىچە گۆر ئۇزۇنچاقراق كولىنىپ، ئۆلگۈچى ئەر بولسا مېيىتنىڭ ئۈستىگە كېمە، ئايال بولسا چارا (كىر تەڭلىسى) دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلىدىغان ئۆزگىچە ئادەتلەرمۇ ساقلانغان.

بىز بۇنىڭدىن لوپنۇرنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى سۇ قاتناش تارىخى ۋە سۇ قاتنىشىدىكى كېمىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

چىنە (چانا) لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرىدىن بىرى. ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئىشلىتىپ كېلىنگەن ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرىدىن بىرى.

چىنە — چىنە ياسىلىش ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى توپىلىق يوللاردا سۆرىتىدىغان چىنە، يەنە بىرى مۇز ئۈستىدە سۆرىتىدىغان چىنە. توپىلىق يوللاردا سۆرىتىدىغان چىنە — ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن هارۋىنىڭ شوتىسى ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال ياغاچ تەييارلىنىدۇ، توپىدا سۆرىلىپ ماڭىدىغان جايىنى يونۇپ ياپىلاق هالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىدىن ئىككى بەلدەم چېتىق چاتىدۇ، ياپىلاق قىلغان ياغاچنىڭ توم تەرىپىگە ئىككى تال ئارغامچا بىكىتىدۇ ياكى تۇرۇم تېشىپ ئادەمنىڭ بىلىكدەك چوڭلۇقتا ئىككى تال قوزۇق قېقىلىدۇ، ئاندىن بالداقلارغا توغراق ياكى توغراقنىڭ تاللىرى بىلەن زەمبىل شەكلىدە توقۇپ چېتىلىدۇ، چىنەنىڭ بىر تەرىپىگە ئات ياكى ئېشەك قوشۇلۇپ شۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق نەرسە-كېرەكلەر توشۇلىدۇ، لوپنۇرلۇقلار ئىشلىتىدىغان يەنە بىر خىل چىنە بولۇپ بۇنى كۆلچى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۇنى ئات، كالىلارغا سۆرىتىلىدۇ، ئېتىز ئېرىق ئىشلىرىدا توپا، قىغ قاتارلىقلار توشۇلىدۇ، بۇ خىل كېمىنى لوپنۇرلۇقلار «ئوڭالچا» دەپ ئاتايدۇ.

مۇز چىنە — ئۇ ئادەتتە چوڭراق بىر ئاچماق ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئاچماق ياغاچ تەرىپىگە ئوتتۇن بېسىپ ئارغامچا بىلەن ئۈستىدىن چىگىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، ياغاچنىڭ ئۇچىدىن سۆرەپ مېڭىلىدۇ، ئۇنى كۆپىنچە 15، 16 ياشلىق باللار مۇز ئۈستىدە ئوتۇن توشۇشقا ئىشلىتىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار يۇقىرىقى قاتناش قورالىدىن باشقا بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تۇلۇمنىمۇ قوشۇمچە قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان.

تۇلۇم — ئىلگىرىكى زامانلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە باشقا لازىمەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان تېرىدىن ياسالغان خالتىسى ھەم شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كەلگەن مۇھىم قاتناش قوراللىرىدىن بىرى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە «چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى»نى ياراتقان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا تۆرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تاشقىرى، ھايۋان تېرىلىرىنى پىششىقلاپ، ئاشلاپ، جۇۋا، سابا تۇلۇم، تورسۇق، تۇلۇق قېپىق، ئات-ئېگەر جابدۇقلىرىنى، ئارقان-ئارغامچىلارنى تەييارلىغان.

تۇلۇم كۆپىنچە ئۆچكىنى ياكى جەرەننى بوينى تەرەپتىن تەتۈرىسىگە ياندۇرۇپ سويۇپ (يەنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ) تېرىسىنى ئۇسخاندىن ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ ئاشلاپ، يۇڭى چىقىرىۋېتىلىپ، ئۆچكىنىڭ پۇتى ۋە چىقىرىش ئەزاسىنىڭ ئورنى قوي، ئۆچكە ئۈچىيىدىن ئىش قوشۇپ ئىشلەنگەن يىپ بىلەن مەھكەم تىكىپ تەييارلىنىدۇ، ئۆچكىنىڭ بوغۇزلانغان جايى تۇلۇمنىڭ ئاغزى قىلىنىدۇ، ئەنە شۇ شەكىلدە تەييارلانغان تۇلۇم لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىككى خىل رول ئويناپ كەلگەن. بىرى، تۇلۇمغا سۇ، سۇ ماي، كۆيدۈرۈلگەن قوي مېيى، سۈت، قېتىق، نان ۋە باشقا ئوزۇقلۇقلار قاچىلىنىپ تېرە خالتا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرى تۇلۇم ئىچىگە يەل توشقۇزۇلۇپ ئاغزى چىڭ ئېتىلگەندىن كېيىن، ئادەملەرنىڭ بېلىگە باغلىنىپ، دەريا، ئۆستەڭلەردىن ئۆتۈش، كەلكۈن مەزگىلىدە مۇداپىئەلىنىشتە ئىشلىتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىگە يەل توشقۇزۇلۇپ ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن تۇلۇملاردىن بىر قانچىسنى ئۇزۇنلۇق، توغرىلىق بويىچە كىۋادرات شەكلىدە قاتارلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە شال تېڭىپ، ئادەم ۋە يۈك-تاقلار ئۆتكۈزۈلۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن مۇھىم قاتناش قورالى. سۇ قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇ ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ، مۇزېيلاردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئايلىنىپ قالدى.

## پىيادە مېڭىش ئادىتى

پىيادە مېڭىش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسى، ئەڭ ئىپتىدائىي ھەرىكەت شەكلى بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ھالقا.

www.uyghurkitap.com





لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە پىيادە يول يۈرۈش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار تەرەپتىن بەلگىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. تىلشۇناس ئالىمىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى بىر قانچە يىللار ئىلگىرى لوپنۇردا ئۆتكۈزگەن «كۆڭۈلدىكى سۆز» پىروگراممىسىدا سۆزلەۋېتىپ 60-يىللاردا لوپنۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا 120 ياشتىن ئاشقان مويسىپىت بوۋاي بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇ بوۋاينىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ «ئاغا قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويسالڭ دۈنخۇاڭغا يول باشلايدىمەن» دېگەنلىكىنى مىسال قىلىپ ئېيتىپ بەرگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاي-مومايلارنىڭ مىنىدىغان ئۇلاغلىرى تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا مىنىۋالماي پىيادە مېڭىشقانلىرىنى باللىق چاغلىرىمدا تالاي قېتىم كۆرگەندىم، مەن ھەيرانلىق بىلەن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسام ئۇلار پىيادە ماڭسا راھەت ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندى.

پىيادە يول يۈرۈش لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يەر كالڭ ـــ لوپنۇرلۇقلار يەنە سەپەرگە چىققاندا بولۇپمۇ قىش-سۇغۇق مەزگىللەردە قونالغۇ يوق ۋاقىتلاردا ياساپ ئىشلىتىدىغان جايدىن ئىبارەت. ئۇ ئادەتتە مۇنداق ياسىلىدۇ: كەچتە ئالدى بىلەن قونىدىغان جاينى ئالدىن پىلانلىۋېلىپ، بىر كىگىز چىلىك يەرنى ئاۋۋال 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كولايدۇ، ئاندىن ئوتۇن-چاۋارنى يىغىپ ئۇ يەرگە تولدۇرۇپ ئوت يېقىلىدۇ. ئوتۇنلارنى جىق ئەكەلىپ قالاپ چوغ چۈشكەندىن كېيىن چوغنىڭ ئۈستىگە 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قۇمنى يېپىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز ياكى پالازنى سېلىپ ئۇخلايدۇ، ئۈستىگە جۇۋا يېپىنىدۇ، نەتىجىدە سەپەرگە چىققان كىشى كېچىچە توڭلىمايدۇ، ئىسسىق بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، ھەتتا بەزىلەر قوينى سويۇپ قويىنىڭ قېرىنىنى تەتۈر ئۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىگە مەلۇم مىقداردا سۇ قۇيۇپ گۆشنى پارچىلاپ قېرىنىنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ يەر كالڭنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈپ قويۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئېچىپ يەيدۇ، دېمەك بۇ خىل كالڭ قىش مەزگىلىدە سەپەرگە كۆپ چىقىدىغان ئەقىللىق لوپنۇر كىشىلىرىنىڭ ئۆزىنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق كۆممە كاۋاپ پىشۇرىدىغان يەرلىك كاڭى ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار سەپەرنى مۇشكۇل ئىشلارنىڭ بىرى دەپ قاراپ، سەپەرگە بەختەر چىقىپ بەختەر قايتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتۇپ كەلگەن. بۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر سەپەر ۋاقتى، سەپەر يۆنىلىشى، سەپەر جەريانىدىكى ئىشلار، قايتىپ كېلىش ۋە سەپەردىكى ھەمراھ قاتارلىق تەرەپلەردە بىردەك مەۋجۇت.

لوپنۇرلۇقلاردا يەنە ئۇرۇق-تۇغقانلار سەپەرگە چىققاندا بايىت (بېيىت) ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويىدىغان ئۇدۇمى ئادەتلەرمۇ بولغان.

پايدىلانىملار:


1. روزى موسا (روزى توكۇر)، 81 ياش، لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزا قارچۇغا كەنتىدىن، 2009-يىل 6-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى زىيارەت خاتىرىسىدىن.

2. ئابلەت تىلىۋالدى، 81 ياش، لوپنۇر ناھىيەسى دۆڭقوتان يېزىسى چولڭ كۆل كەنتى، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

3. مەمەت سۇلتان، لوپنۇر ناھىيەسى ئاقسۇپا يېزا جىگدە باغ كەنتى 123-قورۇ.

2016-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

4. ئىسلام ئەمەت، 63 ياش، لوپنۇر ناھىيەسى قاچۇغا يېزا قارچۇغا كەنتىدىن، 2016-يىل 7-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

5. نىياز ئايۇپ، 65 ياش، لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزا قارچۇغا كەنتىدىن، 2016-يىل 7-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

6. ئۆمەر ھاجىم، 96 ياش، لوپنۇر ناھىيەسى قارچۇغا يېزىسىدىن، 2016-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

7. ئىدرىس ئىبراھىم، 50 ياش، دۆڭقوتان يېزىسىدىن، 2016-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى ئالتۇن داشدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

8. روزى مۇسا، لوپنۇر ناھىيە قارچۇغا يېزا قارچۇغا كەنتىدىن، 2009-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# كۇچا قاپاق ئويما نەقىشلىقى

**مەربىيە ئابلەت**

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا رەسساملىق، نەققاشلىق ھەيكەلتىراشلىق ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ژانىرنى ناھايىتى بېيىتقان، خەتتاتلىق سەنئەتكە تاشلانغان تۈنجى قەدەم. ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ ھەقتە قالدۇرغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىزنالىرى ھېلىھەم مەۋجۇت، بۇنىڭغا تاش غارلارغا ئويۇلغان خەتلەر مىسال بولالايدىغان بولۇپ، خەتتاتلىقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىكى خەتلەر ئويما بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ تەرەققىي قىلىپ كەلدى. بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، شۇنداقلا سەنئىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىشچان كۇچا خەلقى ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ دۇنيا تۆت چوڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىگە مۇجەسسەملەپ ئۆزىگە خاس بولغان كۇسەن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا مول بولغان مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتقان. كۇچا قاپاق ئويمىچىلىق سەنئىتىگە قەدىمىي كۇسەننىڭ ئويمىچىلىق، نەققاشلىق گۈزەل سەنئەت ئېستېتىكىسى سىڭگەن بولۇپ، قىزىل مىڭئۆي تاش كامېرلىرىغا سىزىلغان بۇددا مەزمۇنىدىكى سۈرەتلەر كۇسەننىڭ بەدىئىي سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنىڭ دەلىلى، شۇنداقلا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى كۇچا رەسساملىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، نەققاشلىقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى يارقىن جۇلاسى بولغان بۇ خىل سەنئەت بۈگۈنكى كۈندە كۇسەن مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى مۇھىم تەتقىق قىلىنىدىغان مەدەنىيەت ساھەسىگە ئايلاندۇردى.

كۇچا ئويما نەقىشچىلىكىنىڭ دەۋرى ئۇزاق، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنى چوڭقۇر ھەم رەڭدار بولۇپ

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭغا كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملىشىپ ئۆزگىچە بولغان نەققاشچىلىق سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قاپاق ئويما نەققاشلىق سەنئىتى ئەنە شۇ نەققاشچىلىقنى بۇگۈنگىچە ئۇلاشتا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار هويلىدا قاپاق ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەتىياز كىرىشى بىلەن ھەممە ئائىلىلەر مەيلى ئۇ باي ياكى نامرات بولسۇن، هويلىسىغا چەللە ياساپ قاپاق تېرىپ پەرۋىش قىلىدۇ. قاپاق يېلەك سوزۇپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، ياز پەسلىدە هويلىغا سايە تاشلايدۇ، هويلىنىڭ هاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئادەمگە سالقىنلىق ئاتا قىلىدۇ. قاپاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش قورالى بولۇپ، ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلانغان. هويلىدا قاپاق ئۆستۈرۈلسە هويلىنىڭ مەنزىرىسى كىشىگە هۇزۇرلۇق بىلىنىدۇ، پىشقاندىن كېيىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۈزۈۋېلىنىپ ئىچىگە سۇ ئېلىپ سۇ ساقلاش ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز سەنئەتخۇمار، سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغانلىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇمى بولغان قاپاققا تۈرلۈك رەسىم ۋە نەقىشلەرنى ئويۇپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە گۈزەل ئىستەكلىرىنى نامايان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قاپاق ئويما نەقىشچىلىكى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، مۇستەقىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى مىللى هۈنەر ـ سەنئەت كەسپىگە ئايلاندى. قاپاق ئويما نەقىشچىلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، نەقىشلىرى ئىنتايىن جانلىق ۋە رەڭدار بولغاچقا خەلق ئاممىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلگەن ھەمدە گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان.

رايونىمىز شىنجاڭدىكى رەڭگارەڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەزمۇن قىلغانلىقتىن قاپاق ئويما نەقىشچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىلى رايونىنىڭ قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى، قەشقەر رايونىنىڭ قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى، خوتەن رايونىنىڭ قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى، كۇچا رايونىنىڭ قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى قاتارلىق ئويما نەققاشلىق شەكلى مەۋجۇت. بۇ شۇ رايونلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەدەنىيتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

قاپاق ئويما نەقىشچىلىقى قەدىمكى زامان ئويما سەنئىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، نەقىش ئويۇلىدىغان قاپاقنىڭ تولۇق پىشقان ھەم سۈپەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۇچا قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى بۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقنىڭ ئۇزاق مەزگىل داۋامىدا ياراتقان مەدەنىيتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

1. قاپاق ئويما نەققاشچىلىقىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقى.

كۇچا قاپاق ئويما نەققاشچىلىقىدا ئېتىقاد بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ يۇرىقى كۈچلۈك، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان.

2. كىشىگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقنىڭ ئوخشىماسلىقى، كۇچا قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى باشقا رايون ئويما نەققاشچىلىقىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، قاپاققا ئويۇلغان خەت، رەسىمنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، رەڭ بېرىش، ئويۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ناھايىتى جانلىقلىقا ئىگە بولغان.

كۇچا قاپاق ئويما نەققاشچىلىقى هازىر ئۇزۇن بازىرىدىكى ئىسمائىل ئابلا دېگەن كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە بۇ نەققاشچىلىق سەنئىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئەل ئىچى سەنئىتى ساقلاپ قېلىندى.

دېمەك قاپاق ئويما نەققاشچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى دەۋرنىڭ قەدىمگە ماسلىشىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ راۋاجلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىدىغان بۇنداق ئەنئەنىۋى كەسپنى كۇچا ساياھەتچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى يارقىن نۇقتىسى قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قوغداپ قېلىنىدىغان مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلىپ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاپاق ئويما سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى تۆر ۋارىسى بويىچە تەربىيەلەشكە، قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇ سەۋەبتىن كۇچا قاپاق ئويما نەقىشچىلىقى 2010 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ ناھىيەلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك كۇسەن مۇزېيىدا)

2017 . 3



# قومۇل كۆك مەشرىپىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

ھەجەرگۈل يۇنۇس

قومۇل كۆك مەشرىپى — شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە دائىر مەنبەلەردە... مايسا مەشرىپى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن قەدىمكى مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ قومۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مەشرەپ بولۇپ قومۇلدا كۆك مەشرىپى دەپ ئاتالسا، تۇرپان - پىچان رايونلىرىدا... بۇرۇنقى نامى بويىچە: «مىلىس مەشرىپى» (مايسا ئويۇنى) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە...

كۆك مەشرىپىدىكى كۆك سۆزىگە خىلمۇخىل تەبىرلەر بېرىلىپ كەلدى...، لېكىن بۇ سۆزنىڭ ئورۇن ۋە مەزمۇنىغا قاراپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ سۆز — يېشىل، يۇمران مايسىنى مەدھىيەلەش ۋە سۈپەتلەش مەنىسىدە كېلىپ، يېشىللىق ۋە ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، مەشرەپ سۆزىنى ئىنقىلاپ كەلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس ئەمەس !

قومۇلنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولغاچقا، قار، يامغۇر كۆپ ياغسا...يەردىن مول ھوسۇل ياخشى چىقىدۇ. شۇڭا تۇنجى قارنىڭ يېغىشى — كۆك مەشرىپىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر كۆك مەشرىپىنى باشلاشتىكى تۇنجى ئوقنى قارلىق تاشلاش ئويۇنىدىن باشلايدۇ. يەنى كىشىلەر تۇنجى قار ياغقان كۈنى قار پومزىكى ياساپ، ئۇنى بېيىت يېزىلغان لاتىغا ئوراپ، كۆڭلى تارتقان بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆي ئىگىسىگە تۇيدۇرماستىن بىرەر جايغا قويۇپ قويىدۇ... ھەمدە: «قارلىق بېسىۋالمىسۇن! ياكى ئامانەتنى ئېلىۋالسىلا...!» دەپ قويۇپلا قېچىپ كېتىدۇ. يېزىلغان قارلىق مەشرىپىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا يېزىلىدۇ:

شۇ كۆڭۈللەر تىنچلىقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەرلىكى بىلەن قار ئېلىپ،
ئۆزلىرىگە تاشلىدۇق.
قارلىق ئېلىپ بارغان كىشىنى،
يەم بىلەن چىلەك تۇتسىلا.
قىشقا ئوسما قويۇپ،
پەرداز قىلىپ ياندۇرسىلا.

قارلىقمىنى ئېلىۋېلىپ،
بەخىرامان ياتمىسىلا.
ئۈچ كۈن مۆھلەت بەردۇق بىز،
چارشەنبە ئويۇن باشلىسىلا...

ئەگەر ئۆي ئىگىسى قارلىق تاشلىغۇچىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۇتۇۋالسا، يۈزىگە قازاننىڭ كۆكىسىنى سۈركەپ (قەدىمدە ئېشەككە تەتۈر مىندۈرگەن) قوغلىۋېتىدۇ... ئەگەر ئۇ كىشىنى تۇتۇپ ئالالمىسا، ئۆي ئىگىسى، ئۆز قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەل- جامائەتكە قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، قارلىق مەشرىپى — ئەمەلىيەتتە كۆك مەشرىپىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ...

ئۇنداقتا قارلىق ئويۇنىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن كۆك مەشرىپى قانداق قەدەم- باسقۇچلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

ئاۋۋال ئۇرىق (قاپاق)نىڭ بېشى ئېلىۋېتىلىپ (كېسىۋېتىلىپ)، گۈل تەشتەكچىگە ئوخشاش يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە تۇپا سېلىپ، تۇپىغا بۇغداي ياكى ئارپىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، بۇغداي ياكى ئارپا ئۈنۈپ، مايسا بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل بېزەكلەر بىلەن ئۇنى چىرايلىق بېزەپ، تەشتەكلىك مايسىنىڭ ئىچىگە پاختا، چىش كولىغۇچ، بەرەڭگە ياپراقچىسى قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن كۈنچىچەك ياسىلىدۇ... كۈنچىچەك بىلەن جابدۇلغان مايسىنىڭ بىر تەرىپىگە خوراز بىلەن مېكىياننىڭ قەغەز قىيما سۈرىتى تىكىلىدۇ... ياسىلىپ بولغان كۈنچىچەكلىك بېشىغا بورتۇمشا (نېپىز ياغلىق) يېپىپ، مايسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ... بۇ چاغدا ئۆستۈرۈلگەن مايسا خۇددى ساھىبجامال قىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ... مانا بۇ ساھىبجامال قىز (كۆك خېنىم) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەڭ دەسلەپتە كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈشنىڭ مەسلىھەتى قىلىنىدۇ ۋە مەشرەپ ئۆتكۈزمەكچى بولغان كىشىلەر رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار تالاش- تارتىشلار جەريانىدا... 1- قېتىملىق مەشرەپ)نى تالىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تالاشقۇچىلاردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

ئېگىز تاققا تاش ئاتتىم،
جۇگانىلارغا قاش ئاتتىم،
بۇ ئويۇننى ئويناشقا،
مەن ئاۋۋال ئوق ئاتتىم.

دەپ بېيىت ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىك «بارىكاللا قىيقاس!» دەپ تۇۋلىشىدۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۆستۈرۈلگەن كۆك مايسىنى قولىغا ئالغۇچىلار ئارقا- ئارقىدىن... «مەن بىر ئوق ئاتتىم!...» دېسە، «مەن ئۈچ ئوق ئاتتىم!»، «مەن 5 ـ 7 ئوق ئاتتىم...» دەپ ئۆزلىرىنى ئىختىيارىي ھالدا ئېلان قىلىشىدۇ... بۇ يەردىكى «مەن X ئوق ئاتتىم» دەپ ئېلان قىلىنغان «ئوق» مەشرەپنىڭ كۈننى قېتىم سانىنى بېكىتىش، كۈن توختىتىش مەنىسىدە ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، بۇ «ئوق» ئارقىلىق، كىمنىڭ كەينىدىن كىمگە كۆك مەشرەپ نۆۋىتى كېلىدىغانلىقى، ئۆي ئىگىسى ۋە مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارغا ئايدىڭ بولىدۇ، كۆك مەشرىپىنىڭ، تۇنجى قار ياغقان كۈنىدىن تارتىپ تاكى نورۇز كۈنىگىچە بولغان پەسىللىك پىلانى تۈزۈلۈپ بولىدۇ... شۇ كۈندىكى مەشرەپتە، ئۆي ئىگىسى (قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزگۈچى) 1- قېتىم ئوق ئاتقۇچى، چىرايلىق ياساندۇرۇلغان كۆك خېنىمنى، كۆكنى تۇتقۇچىلار ئېيتىدىغان بېيىتلەرنى ئېيتىپ، كۆك مايسا خېنىمنى ئالغۇچى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ... كۆكنى ئالغۇچى تەرەپ: كۆكنى تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپ ئېيتىدىغان بېيىتلەرنى ئېيتىپ، كۆك خېنىمنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

كۆكنى تۇتقۇچى تەرەپ مۇنداق بېيىت ئېيتىدۇ:
مۇز ئۈستىدە ئۈندۈردۇق دانە بۇغداينى،
سۇغارغىلى ئەر بەرمىكىن، شۇبۇ دانە بۇغداينى؟
گۈل- زىمىستان چىللىدا ئۈنگەن سەۋزە باھارنىڭ ئەۋۋىلى،
ياخشىلارنىڭ مېھنىتىدە، كۆكۈم ئۈندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن كۆكۈمنىڭ كۆكلىرى نازۇك تۇرۇر،
كۆتەرسە ئىللىقلىقىدىن ھىدلىرى پۇراپ تۇرۇر.
بۇ كۆكۈمنىڭ تەرىپىنى ھەممىلىرىگە تۆھپە ئەيلىدۇق،
بۇ كۆكۈمنىڭ سايىسىدە ئولتۇرسا كۆڭۈللەر ئاچىلۇر.
بۇ كۆكۈمنى ئالغان كىشىنىڭ باشىغا گۈللەر سانچىلۇر،

بۇ كۆكۈمنىڭ گۈللىرى شۇ شىلڭ ① دىدۇر — شۇ شىلڭ دىدۇر.
سۇغىرىپ گۈل ئالغان كىشى، بۇ كۆكۈمگە ئاشىق تۇرۇر،
بۇ كۆكۈمنى تەرىپلەپ، ئوبدان ياخشى كۆرسلە،
ھەر كۈنى خىيال قىلىپ، ئىگىسىنى سۆيسلە.

كۆكنى تاپشۇرۇۋالغۇچى مۇنداق بېيىت ئېيتىدۇ:
«كۆك»نى ئالدىم، «كۈپقا سالدىم، گۈللەر چاچتى خۇش پۇراق،
ئوڭ قولۇمغا چاينى ئالدىم، سول قولۇمدا شام چىراغ.
شام چىراغ ئۈچ كۈن كۆيدۇ ئۈچ كۈندىن ئۆتسە نە پىراق؟
شام چىراغتا كۆيگىچە، مەشرەپتە كۆيسە ياخشىراق...!
چىنە-چاجۇشتە چاي، داستىخاندا نان راسلىدۇق،
چالغىلى غىجەك-راۋاب، قالۇن-ساتارنى راسلىدۇق.
قوينى توققۇز، غازنى ئوتتۇز، گازىر-پۇرچاق راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسلە، ھاپىزلارنى راسلىدۇق.
ئۇسسۇلچى لازىم دېسلە، چۇگانلارنى راسلىدۇق.
يامان خۇي، يامان ئادەتلەرنى، يىراق جايلارغا تاشلىدۇق.

شۇنىڭ بىلەن كۆكنى تاپشۇرۇۋالغان كىشى تەييار-
لىق قىلىپ، 2-، 3-قېتىملىق ئوقلارنى ئېتىپ، كۆكنى تاپ-
شۇرۇۋالغانلار شۇ تەرىقىدە ئۇدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ،
«كۆك خېنىم» (ساھىبجامال) توققۇز خىل مېۋە-چىۋە
ھەم بىر-ئىككى كىيىملىك رەخت، دوپپا قاتارلىقلار بىلەن،
ھاي-ھاي ئۆلەن ناخشىسىنى ئېيتىپ، شارائىت بولسا،
بېيىت-قوشاقلارنى ئېيتىپ، نەغمە-ناۋا بىلەن ئۆيدىن چى-
قىرىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، «كۆك خېنىم» (ساھىبجامال قىز)
دەۋرىي ھالدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئايلىنىپ، تاكى ئەتى-
يازلىق تېرىلغۇ باشلانغانغا قەدەر (3-ئاينىڭ 21-كۈندى-
كى نورۇز بايرىمىغا قەدەر) ئۈزۈلمەي مەشرەپ داۋاملى-
شىپ تۇرىدۇ... «كۆك مايسا خېنىم» 3-ئاينىڭ ئاخىرىغا
بارغاندا سارغىيىپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كۆك مەشرىپىنى
باشلىغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈ-
لۈپ، مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرەرسى كۆكنى قىرقىيدۇ. قىر-
قىلغان كۆك ئېقىن سۇغا ئېقىتىلىدۇ... كۆكنىڭ داۋامى 3-
ئاينىڭ 21-كۈندىكى نورۇز مەشرىپىگە ئۇلىشىدۇ...
دېمەك، قارلىق تاشلاش كۆك مەشرىپى، نورۇز بايرىمىدى-
كى خىلمۇ خىل ئويۇنلار، بېيىت-قوشاق ئېيتىش ئويۇنلى-
رى بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممىسى ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ مول ھوسۇلغا بولغان تەنتەنىسىنى ئىپادىلەي-
دۇ.

ھازىر ھەرقايسى رايونلاردا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كۆك
مەشرەپلەر... دېھقانلارنىڭ شۇ يىللىق مول ھوسۇلغا ئو-
قۇلۇۋاتقان مەدھىيەلەر بولۇپ، كۆكنى قولدىن-قولغا ئۆت-
كۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇسۇلى، خۇددى
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسەت-
كەن «گۈل چاي»نى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋې-
لىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

كۆك مايسىنىڭ بىر تەرىپىگە خوراز بىلەن مېكىيان-
نىڭ قەغەز قىيما سۈرىتى، يەنە بىر تەرىپىگە — بىر بوۋاي-
نىڭ تاياق كۆتۈرۈپ تۇرغان قەغەز قىيما سۈرىتى چۈشۈ-
رۈلۈپ تىكلىنىدۇ... بۇ يەردىكى خوراز بىلەن مېكىيان —
تويى بولغان قىز-يىگىتكە سىمۋول قىلىنغان بولسا، تاياق
كۆتۈرۈپ تۇرغان بوۋاي — ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىل بېشى-
دا تېرىغان ئاشلىقلارنى... جان-جانىۋارلار زىيانداش ھا-
شاراتلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن قوغداش تەدبىرىگە سىمۋول
قىلىنغان بەدىئىي خاراكتېرىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان كۆك مەشرەپلىرىنىڭ ئىچىدە، پوتا
بېيىتى، كۆك بېيىتلىرى، قار بېيىتلىرى، چاي بېيىتلىرى...
قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان خىلمۇخىل بېيىت-قوشاقلار
بار بولۇپ، كۆكنى تۇتقۇچى ۋە كۆكنى ئۆتكۈزۈپ ئالغۇ-
چىلارنىڭ ئېيتىۋاتقان بېيىت-قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن جە-
ھەتتىكى ۋارىيانتى بىر بولۇپ، خىلمۇخىل شەكىللەردە ئېي-
تىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى — ئەنە شۇدۇر. شۇڭا... مەش-
رەپلەر بېيىتچىلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. بېيىتچىلىك — مەش-
رەپلەردىن ئايرىلالمايدۇ.

قومۇل كۆك مەشرىپىدىكى كۆك بېيىتلىرى بىۋاستە
دېھقانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. كۆك مايسىغا بولغان سې-
غىنىشنى ئىپادىلەيدىغان، مول ھوسۇلنى نامايەندە قىلىدى-
غان قومۇل بېيىت قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى
بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا دېھقانچىلىققا
يۈزلىنىش قىلىپ، بۇغداي تېرىشنى سىناق قىلىپ، دېھقانچى-
لىق قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن
مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يىغىنچاق-
لانغان تۈرىدۇر.

www.uyghurkitap.com



ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىققا يۈزلەنگەن دەۋرلەردە، بۇغداينى قانداق تېرىشنى، ئۇنى قانداق ئۆستۈرۈشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، بۇغداي ئۆستۈرۈپ، خاماندا يانچىپ، سورۇپ، پاكىزلاپ... ساپ بۇغداينى ئېلىپ، تېرىقچىلىقنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى خۇلاسىلىغەن... بۇ ئارقىلىق قىش - زىمىستان چىللىدىمۇ بۇغداي ئۆستۈرۈشكە بولامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىگە ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا جاۋاب بەرگەن. مانا مۇشۇنداق تېرىقچىلىقنى ئىپادە قىلىدىغان ئەمگەك شەرپىگە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇسسۇل ئويناشنى، بېيت - قوشاق ئېيتىشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلىپ، بۇغداي (مايسا) ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان قومۇل كۆك مەشرىپى مەيدانغا كەلگەن. قومۇل كۆك مەشرىپى — ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك، تارىخى، مەنىۋى، مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسلىرىمىزنىڭ نامايەندىسى... ئۇ نەغمە ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ھەر خىل ئويۇنلار، ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا — كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پسىخىك خاراكتېرى، جۈملىدىن مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ خاراكتېرى روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

دېمەك، خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ، مەدەنىيەت-سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىدا ئاجايىپ گۈزەل سەنئەت، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ياراتقان. خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى — پەسىل، ئورۇن، جاي، ۋە ياشاش مۇھىتىغا قاراپ، ھەر خىل ئۇسۇلدا تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى... ئەنە شۇ پەسىل ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ!...

2009-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن، مائارىپ-مەدەنىيەت ئورنى نورۇز (كۆك مەشرىپى)نى ئىنسانىيەت غەيرىي، ماددىي مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. 2010-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا قارار ماقۇللاپ، ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنىنى خەلقئارا نورۇز بايرىمى ۋە دۇنيا تىنچلىق مەدەنىيەت كۈنى قىلىپ بېكىتتى... 2010-يىلى 15-نويابىر كىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى نايروبىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھۆكۈمەتلەر ئارا كومىتېتىنىڭ 5-سانلىق يىغىنىدا... ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي، ماددىي مەدەنىيەت-مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

نورۇز بايرىمىدىن باشلاپ يېڭى ئۆي سېلىش، بوز يەر ئېچىش، باغۋاراڭ بەرپا قىلىش، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى تازىلاش، قىر-توسمىلارنى ياساش... قا ئوخشاش ئېغىر ۋە كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار يۇرت ئەھلىنىڭ ھەمكارلىقىدا جىددىي باشلىنىپ كېتىدۇ... بۇ ئىشلار بىلەن تەڭ ئېرىق-ئۆستەڭلەر رەتلىنىپ، سۇ كۆلچەكلىرى باشقۇرۇلۇپ، قىشتىن بۇيانقى چاڭ-توپا، ئەخلەت-چاۋىلار بىر تەرەپ قىلىنىپ، مەھەللىلەر پاكىز تۇسكە كىرىدۇ...

دېمەك، نورۇز بايرىمى — ئەمەلىيەتتە كۆك مەشرەپنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، يۇرت خەلقىنىڭ بېرىش-كېلىش، ئەپۇچانلىق، ئۆزئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە باھارنى كۈتۈۋالغاندىكى خۇشاللىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىزاھات:**

① شۇ شىلىڭ: قاپاقنىڭ بېشىنى كېسىپ بۇغداي مايىسى ئۆستۈرۈلگەن گۈل تەشتىكى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى.
2. ئەمەت جېلىل: «قۇمۇل كۆك مەشرىپى» توغرىسىدا نامىلىق ماقالىسى «قۇمۇل شەھرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1-قىسىم 1988-يىل 10-ئاي.
3. يۈسۈپ غازى: «قومۇل مۇقاملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2014-يىل 7-ئاي 1-نەشرى.
4. ھۆسۈنجان نامان: «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى — ئادەم تەربىيەلەشتىكى ئەڭگۈشتەر»، قومۇل ئەدەبىياتى، 2004-يىل 5-سان.
5. سەيدۇللار نۇرشاھ، ئەسەت مۇختار، قادىر سالى، قاسىم ياقۇپ قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى.

(ئاپتور: قومۇل شەھرى ئۇۋرغول رايونلۇق 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

2017.3



# ئارخېئولوگىيەلىك مىراسلارنى قوغداش ھەققىدە

**ئايبۇلاق ئەزىز**

ئارخېئولوگىيەلىك مىراس دۇنيا ئىلىم - پەن سا-
ھەسىدە كەڭ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، ئارخېئولوگىيە ۋە
مىراسقا مۇناسىۋەتلىك كەڭ مەنىدىكى خەلقئارالىق
ئۇقۇم بولۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پولشانىڭ
ۋارشاۋادا خەلقئارالىق قەدىمكى يادىكارلىقلار ۋە ئىما-
رەتلەرنى قوغداش كېڭىشى قۇرۇلغان. بۇ كېڭەش
1985 - يىلى ئارخېئولوگىيەلىك مىراسلارنى قوغداش
مەقسىتىدە ئارخېئولوگىيەلىك مىراسلارنى باشقۇرۇش
خەلقئارالىق كومىتېتىنى قۇرۇپ «ئارخېئولوگىيەلىك مە-
راسلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش نىزامنامىسى»نى
ئېلان قىلىپ يولغا قويغان، 2014 - يىلى بۇ كومىتې-
نىڭ يىللىق يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ جىشىۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا
ئېچىلغان ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مىراس ئۇقۇمى مەملىكە-
تىمىزدە كەڭ ئومۇملاشقان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر ئارخېئولو-
گىيەلىك مىراس ئالدى بىلەن بايقالغان شۇ رايونغا
مەنسۇپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل دۇنيا
مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئارخېئولوگىيە-
لىك مىراسلارنىڭ مەنبەسى بولغان مەدەنىيەت يادىكار-
لىقنى قوغداش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى
ھېسابلىنىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن، رايونىمىزنىڭ مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرى بىر قىسىم چەت ئەل ئېكسپېدىتسى-
يەچىلىرى ۋە يەرلىك گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ، شۇندا-
قلا سۇنئىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا
ئۇچراپ كەلگەن. بەزى قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى
بىلەن تولغان چوڭ خارابىلەر يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ
قالغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېرىم ئەسىر-
دىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، رايونىمىزنىڭ مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە شانلىق يېڭى
بىر سەھىپە ئېچىلدى.

يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى چوڭ خارابى-
لەرنى قوغداش تۈرى 2005 - يىلى دۆلەت تەرەققى-
يات، ئىسلاھات كومىتېتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلى-
نىپ ھەم تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. بۇ تۈر يەنە دۆلەت-
نىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىشلىرى تەرەققىياتى بويى-
چە «11 - بەش يىللىق» يىرىك پىلانغا كىرگۈزۈل-
گەن. بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى «يىپەك يولى»نى
ئاساسىي لىنىيە قىلغان، مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەركەز-
لىك تارقالغان يارغول قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ
قوغدىلىش رايونى (يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ
غەربىي، شىمالىي غول قەبرىستانلىقى ۋە يارغول
مىڭئۆي) ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ قوغ-
دىلىش رايونى (ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى،
ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆي،
تەيزاڭ مۇنارى)، كىروران قەدىمىي شەھىرى خارابىسى-
نىڭ قوغدىلىش رايونى (كىروران قەدىمىي شەھىرى خا-
رابىسى، مۇرەن خارابىسى، شىگشىن بۇددا ئىبادەتخانى-
سى خارابىسى)، كۇسەن بۇددىزم تاش غارلىرى خارابى-
سىنىڭ قوغدىلىش رايونى (قىزىل مىڭئۆي، سىم - سىم
مىڭئۆي، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى،
قىزىل قاغا مىڭئۆي) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
دۆلەت بۇنىڭغا 430 مىليون مەبلەغ سالغان بولۇپ،
بەش يىل ئىچىدە ئوڭۇشلۇق تاماملىنىپ، زور بىر
تۈركۈم ئارخېئولوگىيەلىك مىراسلار قوغداپ قېلىندى.

تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەد-
نىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
2001 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سانىدا ئېلان قىلغان
«قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يادىكارلىق ئورۇن نامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما جەدۋىلى»دە يۇملاق شەھەر، ئارا يار كونىشەھرى، بايغان قەدىمكى شەھرى، يېڭىشەھەر، خارابە شەھەر، دەقيانۇس شەھرى، يار قورغان قەدىمكى شەھرى، خانئۆي قەدىمكى شەھرى، شەھرى توغراق دۆڭ دۆۋە شاخباستى قەدىمكى شەھرى، كونىشەھەر، توپىلىق شەھەر، يېڭىسار كونىشەھرى، ھىسار قەدىمكى شەھرى، ياغاچ ئايۋان قەدىمكى شەھرى، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھرى، بارچۇق كونىشەھرى، شەھەر دۆڭ، يەكەن كونىشەھرى، قارا يۇلغۇن دەقيانۇس شەھرى، چۆل قازاق قەدىمكى شەھرى، قاغىلىق كونىشەھرى، شەھىد يار قەدىمكى شەھرى قاتارلىق نۇرغۇن قەدىمىي شەھەر ۋە خارابىلەرنىڭ ساقلىنىپ ۋە قوغدىلىپ كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. خوتەندە 2007 ـ يىلىدىن باشلاپ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى 3 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا 1 ـ باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. 2008 ـ يىلىدىن باشلاپ 2 ـ باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىكى 86 يېزا ـ بازار، تۆت كوچا باشقارمىسى، 1371 مەمۇرىي كەنتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، يېڭىدىن 163 خارابىنى بايقىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن بايقالغان يەرلىك ئىمارەتلەر، ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلەر، سانائەت خارابىلىرى، يېزا ئىگىلىك خارابىلىرى، قاتناش، سۇ ئىنشائەت ئەسلىھەلىرى خارابىلىرىمۇ بار. ئىلگىرى بايقالغان 486 ئورۇننى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ بىلەن خوتەن تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى 649 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن يەتتە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 16، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسى بېكىتىلمىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى 626 بار. بۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمىيرەك بولغانلىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە. مۇزېيدا يىغىپ ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى 9499 پارچە.

2017 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»① ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ئاپتونوم رايون «12 ـ بەش يىل»دا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا 2 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى قوغداش، كۆرگەزمە قىلىپ پايدىلىنىش، ئىلمىي تەتقىقات قىلىش، مۇھىتنى تۈزەش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە ئىشلەتكەن، ۋىلايەت ناھىيە دەرىجىلىك 30 مۇزېينى يېڭىدىن قۇرغان، ئۆزگەرتكەن، كېڭەيتىپ ياسىغان ھەم 30 نەچچە مۇزېينىڭ كۆرگەزمە دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن. ھازىرغىچە شىنجاڭدا 9500 دىن كۆپرەك جايدا يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسى بار ئىكەن، يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 450 مىڭ پارچىدىن ئاشىدىكەن، 110 دىن كۆپرەك جايدا دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى نۇقتىلىق قوغداش ئورنى، 550 تىن كۆپرەك جايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بار ئىكەن»②.

مەدەنىيەت مىراسلىرى قايتا يارىتىقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەتنىڭ شاھىتى ۋە جۇغلانمىسى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى تونۇشى ئۆسۈپ، گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. شۇنداقتىمۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلار پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتتى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش سىزنىڭ، بىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ بۇرچى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتپەرۋەرلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى خالاس.

ئىزاھاتلار:

①، ② «شىنجاڭ گېزىتى»، 2017 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىدىن.

(ئاپتور: خوتەن شەھەر بېيجىڭ غەربىي يولى 470 ـ نومۇر خوتەن شەھەرلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى)

2017.3



# پەيزاۋات كىشىلىرىنىڭ تۆردە ئولتۇرۇش ئادەتلىرى ھەققىدە

رىزۋانگۈل قاھار

خەلقىمىز ئۇزاقتىن بۇيان نۇرغۇن ئۆزىگە خاس بولغان ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم شۇ قائىدە مىزانلارغا ئەمەل قىلىپ ياشاپ كەلگەن. ئەنە شۇ قائىدىلەرنىڭ بىرى مېھماندارچىلىقىمىزدۇر.

خەلقىمىزنىڭ مېھماندارچىلىقى مېھمان ۋە ساھىبخاندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلقىمىزدە ئۆي ئىچىدە ياكى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا ئەمەل قىلىدىغان ئادەتلىرى ئوخشىمايدۇ ھەم شۇنداقلا، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مېھماندارچىلىق قائىدىسىدە مەلۇم جەھەتتە پەرق بار. ئالايلۇق، پەيزاۋات بىلەن كۇچا كىشىلىرىنىڭ مېھمانلارنى تۆرگە باشلاش ياكى تۆردە ئولتۇرۇش قائىدىسى ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشاشمايدۇ. پەيزاۋاتتا مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپنى تۆر دەپ قارايدۇ. كۇچادا بولسا مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندىكى ئۇدۇلنى تۆر دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر، ئىككى يۇرت خەلقىنىڭ قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

پەيزاۋات ناھىيەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. غەربىدە يېڭىشەھەر، جەنۇبتا يوپۇرغا بىلەن، شىمالدا ئاتۇش، شەرقتە مارالبېشى بىلەن تۇتىشىدۇ. پەيزاۋات خەلقى تولىمۇ مېھماندوستۇر. پەيزاۋاتتا مېھمانخانا ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۆر، سول تەرىپىنى پەگاھ دەپ قارايدۇ، شۇڭا مېھمانلارنى ئوڭدىن باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىنس پەرقى جەھەتتىن، ئۇيغۇرلاردا يالغۇز جىسمانىي جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ قالماستىن، كەسىپ، خىزمەت، يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆز ئىجتىمائىي تەرەپلەردىمۇ پەرقلەندۈرۈلۈپ قارىلىدۇ، خەلقىمىز ئەزەلدىن ئىككى جىنسنىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشىغا بەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. مېھماندارچىلىقىمىزدىمۇ ئەنە شۇ ئادەتلىرىمىز ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، ئوغۇللار بىلەن قىزلار تويى - تۆكۈن ياكى باشقا زىياپەتلەر بولسا ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم ئۆيگە باشلىنىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا، ئەر - ئاياللار بىر ئۆيگە باشلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا، ئەر - ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرماستىن، ئەرلەر تۆردە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار ئورۇن ئالىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئولتۇرۇش شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى ئەرلەر كۆرپىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ، ئاياللار تىزىنى.يانتۇراق ئېگىپ ئىككى پۇتنى جۈپلەپ پۇتنى كۆرسەتمىگەن ئاساستا ئولتۇرىدۇ، داستىخان ئۈستىدە پۇتنى سۇنۇپ خالىغانچە ئولتۇرۇش بولۇپمۇ، پۇتنى مېھمانلارغا قارىتىپ ئولتۇرۇش ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە ئەرلەر ئەرلەرگە، ئاياللار ئاياللارغا خىزمەت قىلىدۇ.

ياش پەرقى جەھەتتىن، خەلقىمىز ئەزەلدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ كەلگەن، شۇڭا ئادەتتە، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ تۆرگە باشلايدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا بويسۇنغان ئاساستا ئورۇن ئالىدۇ. ئەگەر چوڭلاردىن بىرەرسى سورۇنغا ۋاقتىدا كېلەلمەي قېلىپ، كېچىكىپ كەلسە، سورۇندىكىلەردىن كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە پەگاھ تەرەپتىن ئورۇن ئالىدۇ، يا بولمىسا ئۆزىنىڭ سالاھىتىگە ماس كېلىدىغان ئورۇندا ئولتۇرىدۇ.

يەنە تۆردىن ئورۇن ئالغاندا، ئۈچىنچى بىر ئادەمنى قارىتىپ قويۇپ ئىككى ئادەم پىچىرلىشىپ پاراڭلاشسا ياكى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ گەپلەشسە، سورۇندا قۇلاق، بۇرۇن كولىسا باشقا مېھمانلارغا ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئەدەپسىز دەپ قارىلىدۇ شۇڭا سورۇندا مېھمانلار قالايمىقان ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە ئەدەپ بىلەن ئولتۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، پەيزاۋات ناھىيە ئىچىدىكى شەھەرلەشكەن كىشىلەر بىلەن يېزىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۆرگە باشلاش ئادەتلىرىدە ئازراق پەرق مەۋجۇت. ناھىيە ئىچىدىكى شەھەرلەشكەن پەيزاۋاتلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى (مېھماندارچىلىق) ئازراق ئۆزگىرىۋاتىماقتا.

قانداق سورۇندا ئولتۇرسۇن، تۆردە ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىلىرى بار بولۇپ، خەلقىمىز ناھايىتى ياخشى تۆردە ئولتۇرۇش قائىدىلىرىنى بەرپا قىلغان. شەھەرلىشىشىمىزگە ئەگىشىپ تۆردە ئولتۇرۇش ئادەتلىرىمىزدە بىر قىسىم ئۆزگىرىش بولدى، ئەمما بىر قىسىم ئادەتلىرى يەنىلا داۋاملىشىۋاتماقتا ۋە مەڭگۈ داۋاملاشقۇسى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى تيانشان رايونى غالىبىيەت يولى 497 - قورودا)

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# لوپنۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى

كۆزدىن ئاققان ياشىمىز.
ئاخىرغىچە وينايلى،
تەڭ ئاقارسۇن باشىمىز.
دېمەتلىك ئاراسىدا،
يۈتمەيدىكەن ئاتىمىز.

يارىم سېنىڭ دەردىڭدە،
كۆزۈمدىن ئۇيقۇم كۆچەر.
بىر ۋاقلىق مۇڭداشلى،
كۆڭلۈم شۇندا سۆيۈنەر.

بىر ئادەمنى ئۇۋەتتىم،
قەغەز بىلەن قەلەمگە.
ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ؟
ماڭا چۈشكەن ئەلەمگە.
كۆيۈكنى خۇدا سالغان،
غېرىب بىلەن سەنەمگە.

گېپىڭ قاتتىق تېگىدۇ،
يۈز مىڭ دەشنام تاياقتەك.
بىزنىڭ يارلار بەك نازۆك،
باغدا ئۆسكەن قىياقتەك.
يېقىن كەلسەم يېنىغا،
ياندىكەن چىراغتەك.

ياش دېمەتلىك ئىچىدە،
بىزگە بولدى بالامەت.
شۇنچە كىشى ئىچىدە،
سىزگە كېلىپتۇ ئامەت.
تاقەت قىلىپ تۇرايلى،
بىزگىمۇ كېلۇر نۆۋەت.

هاۋاغا بۇلۇت ئۆرلەپ،
قاچان يامغۇر ياغادۇ.
يارىمنىڭ قىلغان سۆزى،
يۈرەكىمگە داۋادۇ.
قارىمساڭ يۈزۈمگە،
كۆڭلۈم شۇندا سۇنادۇ.

قىزىلگۈلۈم كەلگۈدەك،
يولىلىرىنى سۇپۇرەي.
يارنى يۇمشاق بويۇغا،
چار ئىلاندەك يۆرگىلەي.
قەس قىلادۇ بۇ ئەللەر،
دۈشمەنلىرىم كۆرمىگەي.

يارىم بولسۇن سالامەت،
تىل تۇرغۇيۇم جانىم،
ساڭا قويدۇم ئامانەت.
سەنسىز ئۆتكەن كۈنلۈرۈم،
ماڭا دوزاخ- قىيامەت.
سېۋەتكە سالسا توختار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يالغۇز دەرەخ ياشنىسا،
سايەسى چۆلگە چۈشەر.

چۆلگە چۈشەر سايىسى،
ئىزدەپ كەلدىم ئاڭلاشىپ.
بۇ دەرد ئادا بولغىچە،
ئولتۇرايلى قاراشىپ.
دەردمەن بولساڭ بىرى كەل،
دەرد تۆكەيلى مۇڭداشىپ.

تىل تورغايىم يېقىن كەل،
ئولتۇرۇپ مۇڭداشىلى.
يەلپۈنەدۇ قىياقتەك،
ماڭلايلىق ساچلىق تالى.
كۆرۈپ قالماسۇن بىزنى،
قوش بۇرۇن بېگلىك سالى.

ئايروپىلان كېلىدۇ،
ئىككى يۈزى قاناتلىق.
مەن يارنى تونۇپ قويدۇم،
ئۆتۈپ كېتىشتى ئاتلىق.
كەلمەسكە چارىسى يوق،
يار دېگەن شۇنداق تاتلىق.

ئارقاڭدىن قاراپ تۇرسام،
قايرىلمىدىڭ كەينىڭگە.
خىيالىڭ باشقا بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.
ھېچ نەرسە دەركار ئەمەس،
يار ئۈچۈن تارتقان دەردكە.

ئويناق كۆزلۈك ئوخشايدۇ،
ئويناپ تۇرغان بۇلاقتا.
ۋەدىلەشكەن گۈنامۇ،
قالدۇق ئەجەب سوراقتا.
قىزىلگۈلۈم چۈشتۇقمۇ،
ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاختا.

كەپ قاپتىغۇ ئەجەبمۇ،
باش ئايىغىنى كۆرگىلى.
يارىم ئېپىپ بولارمۇ،
يۈرەك قېنىپ سۆيگىلى.
مەن شۇنداق تۆرەلگەنمۇ،
پىراقىڭدا كۆيگىلى.

غېرىب بولۇپ يۈرگەندە،
كىم سورايدۇ ھالىمنى.
قىزىلگۈلۈم سەن ئۈچۈن،
ئاتاپ قويدۇم جانىمنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنتۇماسمەن،
سېنىڭدەك مولايىمنى.

تال بويۇڭغا ياراشىپ،
بويۇڭغا كەيگەن پەشمەت
مېنىڭ گېپىمنى ئاپسىز،
خېنىم سىزگە مىڭ رەھمەت.
بىر ئىككى يىل ئوينايمەن،
سىزگىلا باغلىق ئۈمەت.

خۇش ھاۋالىق باغلاردا،
ئېچىلىپتۇ ھەر خىل گۈل.
مەلىمىزدە تەڭ ئۆستۇق،
بىر ئېچىلغان قىزىلگۈل.
ۋەدىلەشتۇق ئىككىمىز،
ئايرىلماسقا ئېچىل گۈل.

تاھىر-زوھرا بېشىغا،
بىر جۈپ قىزىلگۈل ئۈنگەن.
ۋەدىلىرى چىڭ بولغاچ،
ئۆلگەندىمۇ تەڭ ئۆلگەن.
قىزىلگۈلۈم ھەمراھىم
مەن ياشايمەن سەن بىلەن.

ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمدە،
ئېرىڭ قىلدى ئازابنى.
جامالىڭنى بىر كۆرسەم،

سەن ئالۇرسەن ساۋابنى.
ھۇجۇم قىلسا دۈشمەنلەر،
تاقاپ قويااي تاقاقنى.

ھۇجۇم قىلسا دۈشمەنلەر،
يارىم كېتەر يىراققا.
ئىككى كۆزۈڭ ئۇخشايدۇ،
ئۆيدە يانغان چىراغقا.
ئاققان ياشىم كۆزۈمدىن،
قوشۇلۇپتۇ بۇلاققا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سۇۋادان تېرەكلەرگە.
يار ئۆتتى يامان ئىكەن،
دەز كەتتى يۈرەكلەرگە.
ئۆلسەممۇ قارىماسمەن،
سېنىڭكىدىن بۆلەكلەرگە.

تىكەنلىكنىڭ بېشىدا،
قىلار ئىشىم قويچۇلۇق.
ھەمراھىمغا ئېيتىڭلار،
يامان ئىكەن بويچۇلۇق.
پۇلۇم بولسا قولۇمدا،
قىلارمىدىم قۇلچۇلۇق.

ئۈچ يىل بولدى كۆرمىدىم،
ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمىدىم.
مەيلىڭ يوقمۇ كۆلمەيسەن،
تۈزۈك ئويناپ-تۆزمىدىم.
سەندەك ياخشى تاپالماي،
ئايرىلغانغا ئۆلمىدىم.

يار يىراققا كەتكىدەك،
كېلەرنى بىلمەيمەن.
مەيلى كەلسۇن-كەلمسۇن،
يارغا ئاق يول تىلەيمەن.
قىزىلگۈلۇم خالىساڭ،
بېرىپ يوقلاپ كېلەيمەن.

يارنىڭ يۈزى بەك سۈزۈك،
تانمايدىكەن سۆزىدىن.
ئىچىدىكى گېپىنى،
بىلىپ بولدۇم كۆزىدىن.
كىشى سۆزى يالغاندۇ،
ئاڭلاپ كېلەي ئۆزىدىن.

مېڭىپمۇ يېتالمادىم،
ئېقىپ تۇرغان تارىمغا.
بارساڭلار سالام دەڭلەر،
باغرى قاتتىق يارىمغا.
كېلىپ، يەتسە بولمامدۇ؟
مېنىڭ دەردۇ-ھالىمغا.

قوغۇننى تېلىپ قويدۇم،
ئۈزۈك يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
لام-جىم دېمەي تۇرامسەن؟
ئىچىمگە تۈشتى ئوتۇڭ،
ئەي مەلىكەم بىلەمسەن؟

ئىچ قارالىق قىلدىلا،
ھەممەلىسى بىر تاغلىق.
كۆيۈك ئوتى دەردىنى،
بىلمەيدىكەن چارالىق.
يولدا بارساڭ بىللىچە،
ئايرىلمايلى ھەمراھلىق.

ئىچىڭ بەكمۇ تار ئىكەن،
دەريامىكىن دەپتىمەن.
ئۇزۇن-ئۇزۇن يول بېسىپ،
بىرسىنى دەپ كەپتىمەن.
ھاۋا رەڭ تونىنى كىيىپ،
ئۇچۇپسەن بىلمەپتىمەن.

ئۇچساڭ ئۇچۇۋەر يارىم،
قاناتلارنىڭ تالماسۇن.
ئوينىۋالغىن ئازادە،

ئارمانلىرىڭ قالمسۇن.
دەردنى تارتسام مەن تارتاي،
ياردىم دەردنى تارتماسۇن.

يۈرىكىمگە ئوت سالغان،
شېرىن سۆزلۈك قەلەم قاش.
گەپ قىلسام كۈلمەيدىكەن،
مەگزى قىزىل باغرى تاش.
كۈلسەم زايە دېدىڭمۇ؟
شۇنداق بولامدۇ ئويناش.

ئالمىخان دېگەن خاتۇن،
بوزەك ئەتمەگىن مەنى.
كېلىپ يۈرسەم مەلەڭگە،
يەپ كېتەر مەنمۇ سەنى،
تاشا يۈرتلۇق ئىكەن دەپ،
تاشلاۋەتمەگىن مەنى.

مۇساپىر كۆرمە مەنى،
مەنمۇ يۈرەي مەلەڭدە.
ھەر ئادەم كۈن ئېلىپتۇ،
ئالما خېنىم سايائىدە.
كۆيۈك دەردى-يامانكەن،
ئويناۋالاي ئايەمدە.

سالىپ بەردىم قىياق ئوت،
ھويلادىكى ئۇلاققا.
يارنى سۇغا چىقار دەپ،
ئارقادىكى بۇلاققا.
ساقلىسام يار چىقمىدى،
توخۇ چىقتى قونداققا.

نامازشام ۋاقتى بولۇپ،
توخۇ چىقتى قونداققا.
نىمە بالا بولغاندۇ،
كۆڭلۈم خۇشى ئامراققا.
مەندە بولسا خىيالى،
چىقار ئىدى بۇ چاققا.

توخۇ دېگەن بەك سەگەك،
تالڭ سەھەردە سايرايدۇ.
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار،
ئارقا يولغا قارايدۇ.
بۇۋاپالىق قىلساڭ يار،
ئەللەر سېنى قاغايدۇ.

ئولتۇرسەن گۈلئايىم،
قاش كۆزۈڭنى ئويناتىپ.
كۆيدۈرسەن نىمانچە،
يۈرەكىمگە ئوت ياقىپ.
كۆڭلۈڭ ئارام تاپارمۇ؟
مەن غېرىبنى يىغلاتىپ.

ئاقسۇيا، يايلاغىدا،
تىزغا كېلىپتۇ قىياق.
خەت-خالتىڭىز كەلمدى،
ئارامىز قانچە يىراق.
يىراقلىقمۇ بىلىنمەس،
يۈرەكتە بولسا پىراق.

مەن غېرىبنىڭ ھالىغا،
يارىم قاچان يېتەرسەن؟
بەش-تۆت كۈن بەزلەپ قويۇپ،
ئاقسۇياڭغا كېتەرسەن.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
كەتسەڭ قاچان كېلەرسەن؟

قارا ئاتنى ئالدىم مەن،
تويلۇغۇڭغا سالغالى.
كەلدىم يىراق چارادىن،
ئۆز قولۇمغا ئالغالى.
تىل تۇرغۇيۇم يارىمنى،
يۈرىكىمگە تاڭغالى.

«لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى»توپلىمىدىن ئېلىندى
ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: مۇھەممەد تايىر، مۇسا سادىق،
ئىسلام نىياز.
خاتىرىلىگۈچى: مويدىن سايىت.
توپلانغان ۋاقتى: 1983-يىلى 4-ئاي.
تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى



# ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئادىمىيەت تارماق ئىنستىتۇتى تارانچى مەدەنىيىتى تەتقىقات بازىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)

ئات توم تۇياقلىقلارغا تەۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، مىنىلىدىغان، ھارۋا، چانا، قوش، تۇلۇق، تىرنا ۋە سورەملەرگە قوشۇلىدىغان، گۆشنى يېيىشكە بولىدىغان، تېرىسىدىن تۇرلۇك كۆن - خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەگىلى ۋە يال - قۇيرۇقىدىن ئارقان - ئارغامچا ئەشكىلى ھەم تاغار - قاپ توقىغىلى بولىدىغان يىرىك ئىش ھايۋىنىدۇر.

مەلۇمكى، ئات ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قولغا ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارقالغانلىقى مەلۇم. ئاتنى كۆندۈرۈشمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ رايوندا تارىختىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت مەيدانغا كەلگەن. ئات يالغۇز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىردىنبىر ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق، تېبابەت، يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قاتناش - نەقلىيەت، خەلقىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى، ئىجتىمائىي، تىل ۋە سەنئەت كۈلتۈرىدىمۇ ئەڭ مۇھىم قورال ۋە ئەڭ ئاساسلىق ئامىلغا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنكىچە «دۇلدۇل» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ قىزىقارلىق ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. «دۇلدۇل» چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى ماھىيەتتە ئاتنىڭ ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئات ھەققەتەنمۇ ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈك ھەم ئەقىللىق. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىنلا ئاتنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قانىتى دەپ ھېسابلىغان. قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلىدىن تەڭرىقۇت (تەڭرىنىڭ ئوغلى ياكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران) ياكى سەركەردە (لەشكەر بېشى ياكى قوماندان)لەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ قوشۇپ بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرى، ھويلا - ئاراملىرىدىكى تال باراڭلىرى، ئېتىز- ئېكىن بويلىرىغا ئات بېشىنى مەلۇم مەقسەتلەردە بېكىتىپ قويۇش ۋە ئېسىپ قويۇش ئادەتلىرى بۈگۈنگىچە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە، قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئاتنى مۇقىم يول بىرلىكى ئورنىدىمۇ ئىشلەتكەن. دېمەك، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، قاتناش - ئالاقە ۋە ھەربىي يۈرۈش جەھەتلىرىدە ئات نۇرغۇن ئاسايىشلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردا ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاتنى چۈشىنىش، ئات ئەقىدە - ئېتىقادچىلىقى، ئاتنى ئاسراش، كۆتۈش قاتارلىق بىر قاتار قېلىپلاشقان ئەنئەنىلەر بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان فولكلور ئاملىرىمۇ بارلىققا كەلگەن.

## ئاتنىڭ جىنس ۋە ياش پەرقى جەھەتتىن ئايرىلىشى

ئايغىر: نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلگەن ئىككى ياشتىن ئاشقان، پىچىلمىغان ئەركەك ئات.

ئازما ئايغىر: جىنسىي بەزلىرى چالا ئېلىۋېتىلىپ، بايتالغا چاپالماس قىلىۋېتىلگەن ئەركەك ئات.

ئاختا ئات: جىنسىي بەزلىرى تولۇق ئېلىپ تاشلانغان ئات بولۇپ، مىنىش، بەيگىگە سېلىش، ئۇلاغ تارتىشىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

بايتال: ئات، قېچىر ۋە قىسمەن ئەھۋاللاردا ئېشەك قاتارلىقلارنىڭ چىشىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بايتال ئات، بايتال قېچىر، بايتال ئېشەك.

بىيە: قۇلۇنى بار بايتال. ئۇيغۇرلاردا «ئات ياخشى تۆگىدىن، تۆگە ياخشى بىيىدىن، بىيە ياخشى پىيادىدىن» دېگەن ماقال بار.

قىسراق: پەقەت بوغاز بولمايدىغان ھەم تۇغمايدىغان تۇل، سالتاڭ يۈرىدىغان چىشى ئات.

قۇلتاجى قىسراق: بوغاز بولىدىغان ھەم قۇلۇن تۇغۇپ چوڭ قىلىدىغان چىشى ئات.

قۇلۇن: يېڭى تۇغۇلغان ئات بالىسىنىڭ ئالتە ئايلىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى نامى.

تاي: ئالتە ئايلىقتىن بىر ياشقىچە بولغان ئات بالىسى.

سەلكەش: بىر ياشتىن ئاشقان ئات بالىسىنىڭ ئاتىلىشى.

سىپ: بىر يېرىم ياش ئەتراپىدىكى ئات بالىسى.

سارۋا: ئىككى ياشقا تولۇپ غونان بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئات بالىسىنىڭ نامى. خەلقىمىزدە «زىيدە كۆكرەكلەر تاپاتتى غەمغۇر، غىچىرلىغاندا يارىيار ھارۋا. ئايغىر يۈكلەرنى تارتىشقا مەجبۇر، بولمىسا ھەمراھ بىرىغىنا سارۋا» دېگەن قوشاق بار.

غونان: دەل ئىككى ياشقا تولغان ئات بالىسى.

دۇنەن: ئوخشاشلا ئۈچ ياشقا تولغان ئات بالىسى.

تولان: تۆت ياشقا تولغان ئات بالىسى.

ئاسى: بەش ياشقا تولغان ئات .

ئۈگ ئات: تۆت ياشتىن ئۆتكەن ئات.

## دۇنيادىكى بىر قىسىم ئاتلار

ئەرەب ئېتى: ئاتلارنىڭ دۇنيادىكى مەشھۇر قەدىمكى نەسىللىرىنىڭ بىرى، ئەسلىي ماكانى ئەرەب يېرىم ئارىلى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. جۇغى ئوتتۇرا تىپقا كىرىدۇ. تەن تۈزۈلۈشى تەكشى ۋە چىرايلىق. بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن ۋە كۆركەم. يايلى ئېگىز ھەم قويۇق، بېلى قىسقا ۋە كۈچلۈك، ساغرىسى ئۇزۇن كېلىدۇ. تۆتىلا پۇتىنىڭ مۇسكۇل پەيلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 148 - 153 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 450 - 500 كىلوگرام؛ شاش ھەم قەيسەر كېلىدۇ. يەڭگىل ھەم تېز چاپىدۇ، چىداملىق. ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئەلا سورتلۇق نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈشتە زۆرۈر روللارنى ئوينىغان.

دون ئېتى: مىنىلىدىغان ئاتلارنىڭ مەشھۇر سورتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلىي ماكانى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دون ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلاردۇر.

ئورلوۋ ئېتى: ئاتلارنىڭ يەڭگىل تېپتىكى سورتلىرىدىن بىرى. رۇسىيەلىك ئوفىتسېر ئورلوۋ ئەرەب ئاتلىرى بىلەن باشقا سورتلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ خىل ئاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 160 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 470 ـ 480 كىلوگىرام بولۇپ، ئىرسىيەتچانلىقى كۈچلۈك، چېپىش سۈرئىتى تېز ۋە چىداملىق كېلىدۇ.

ئورلوۋ: 1773 — 1807 ـ يىللىرى ياشىغان. رۇسىيەلىك ئوفىتسېر. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ ئات بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. دۇنياغا مەشھۇر «ئورلوۋ ئېتى» ئۇ يېتىشتۈرگەن ئەلا سورتلۇق ئاتتىن ئىبارەت.

ئىلى ئېتى: دۆلىتىمىزدىكى ئاتلارنىڭ بىر تۈرى. ئەسلىي ماكانى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى. بۇ نەسىل ئارلوپ، دون بۇدىيوننى ئاتلىرىنى قازاق ئېتى بىلەن مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنغان.

## ئات بىلەن چېتىشلىق ھايۋانلار

قۇلان: ئاتتىن كىچىكرەك، ئېشەكتىن چوڭراق، ئاتقا قارىغاندا كۆپرەك ئېشەككە ئوخشايدىغان ياۋايى ھايۋان بولۇپ، ياۋايى قېچىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئات قۇلان: ئاتقا كۆپرەك ئوخشايدىغان بىر خىل قۇلان؛ تۇيىقى چوڭ، بويى ئېگىز، بولۇپمۇ ئايغىرىنىڭ بوينى بەك يوغان، رەڭگى ئاق ئالا، سېرىق ئالا ياكى سۇر كېلىدۇ.

قېچىر: بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئېشەك بىلەن ئاتنى چېتىلدۇرۇشتىن تۇغۇلىدۇ.

ئات قېچىر: ھاڭگا ئېشەك بىلەن بايتالنى چېتىلدۇرۇشتىن تۆرەلگەن قېچىرنى كۆرسىتىدۇ، تېنى چوڭ، قۇلىقى سەل كىچىك، قۇيرۇق قىللىرى شالاڭ بولىدۇ.

ئېشەك قېچىر: ئايغىر بىلەن مادا ئېشەكنى چېتىلدۇرۇشتىن تۆرەلگەن قېچىرنى كۆرسىتىدۇ. جۇغى كىچىك، قۇلىقى سەل يوغان، بويى پاكار، بويۇن ۋە بېلى قىسقا، قۇيرۇقى كالتە، قويۇقراق كېلىدۇ.

ئارقۇن ئات: ئۆي بايتىلى بىلەن ياۋا ئايغىرنى چېتىلدۇرۇشتىن تۇغۇلغان ئات.

## ئاتلارنىڭ رەڭ تۈسىگە قاراپ ئايرىلىشى

قاشقا: ئوغاز ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پېشانىسىدە ئاق تۈكى بار ئات بولۇپ، «ئوغاز بۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قارا قاشقا: تۈسى باشقا رەڭلەردە بولۇپ، پېشانىسىدە قارا تۈكى بولغان ئات. ئۇيغۇرلاردا «ئات مىنىدىم قارا قاشقا، چاپتۇردۇم تاشتىن ـ تاشقا، ھەركىمنىڭ يارى باشقا، ئوخشىمىدۇ قەلەم قاشقا» دېگەن قوشاق بار.

ئاق قاشقا: تۆكۈز ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات.

شەللەڭزە: قاشقىسى پېشانىسىدىن تارتىپ تۇمشۇقىغىچە چۈشكەن ئات.

تىش ئات: قاشقىسى كۆزىگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، تۇمشۇقىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات.

بوز ئات: قىرئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆككە مايىل ئاق ئات.

ئاق بوز: ئاققا مايىل، يەنى ئاقۇش بوز ئات. خەلقىمىزدە «تاغدىكى يالغۇز كېپىكتەك، سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم. مەن سېنى يوقلاي دېسەم، يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم»، «ئاق بوز ئاتلىق ئاي تۇغمىشتۇر، چاپاۋۇللار ئارقىسىدا. خىيال سۈرۈپ كېلەر يىگىت، ئېگىز تاغلار ئارقىسىدا» دېگەن قوشاق بار.

تۇم بوز: تۈسى ناھايىتى تولغان بوز رەڭلىك ئات.

قىزىل بوز: تۈسى قىزىلراق كەلگەن بوز رەڭلىك ئات.

جا بوز: تۈسى ساختا بوز رەڭگە مايىل كەلگەن ئات.

تۈرۈق: قارامتۇل قىزىل يەنى قىزغۇچ تۈستىكى ئات.

چىلان تورۇق: چىلاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان قارا قىزىل تۈستىكى ئات.

قارا تورۇق: قارىغا مايىلراق قىزىل تۈستىكى ئات بولۇپ، «ياغىز ئات» يەنە خاكرەڭ ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قارامتۇل تورۇق: ئۆي ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۈسى ئاچ قارىغا مايىلراق كەلگەن ئات.

ماڭلاي تورۇق: پېشانىسىدە ئايدەك قاشقىسى بار تورۇق ئات.

تۇم تورۇق: تولغان تورۇق ئات.

ئازغى: قورساق قىسمى ئاقۇچ كەلگەن تورۇق ئات.

قالتار ئات: تۇمشۇقى ئاق، باشقا يېرى قارا قىزىل، يەنى چىلان تورۇق ئات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىرغا: تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى، چېكىسى ۋە ئاياغ-لىرىدىكى تۈكلىرى ئاق، باشقا يەرلىرىدىكى تۈكلىرى قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى ئات.

ھىلالى شىرغا: تۇرقى ھىلال ئايغا ئوخشايدىغان ئىنە-چىكە بەل شىرغا ئات.

تاغىل شىرغا: ئالدى پاچىقىدا ئوخشاشمىغان رەڭ سى-زىقلىرى بولغان شىرغا ئات.

قۇلا: تۈسى قوڭۇر سېرىق كەلگەن ئات.

شىرغا قۇلا: تۈسى قوڭۇر سېرىق كەلگەن شىرغا ئات.

ئالا-چىپار: بەدىنىدە ئالا-چىپار داغلىرى بار ئات.

بورغۇل: پاختەك تۈكى رەڭلىك ئات.

بوغرۇل: قارىغا مايىل قىزىل تۇسلۇك ئات.

بوزئالا ئات: ئاساسەن بوز تۈسى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان ئالا ئاتنى كۆرسىتىدۇ.

چابدار: تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى ئاق، باشقا تۈكلى-رى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە كەلگەن ئات.

جىرەن: سېرىققا مايىل قىزىل رەڭدە كەلگەن ئات.

جەدە: قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى ئات.

سار ئات: تۈكى ئاق سېرىق كەلگەن ئات.

كۈرەڭ: خورما رەڭ ياكى پور رەڭگە مايىل قوڭۇر ئات.

سۇر: سەل قىزغۇچ كۈل رەڭ ئات.

بۇرۇل: قىزىلراق قوڭۇر تۇسلۇك ئات.

بۇرۇل ئالا: تۈسى بۇرۇل تۈسگە ئاز مىقداردىكى ئاق بىلەن باشقا رەڭلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېلىدىغان ئات.

تىغ ئات: قارا قىزىل بىلەن ئاق قىزىلنىڭ ئوتتۇرىسى-دىكى ئات.

تاز ئات: چىپار ئات. خەلق ئارىسىدا «تاز ئات تا-ۋارچى بولماس ــــ تاز ئات يۈك كۆتۈرەلمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تۇيىقى يامان» دېگەن سۆز بار.

قىزغۇل: قىزىل بىلەن بۇرۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئات.

بۇل ئات: ئاق پاچاق ئات.

قالۇن ئات: تۈكى ئاز مىقداردىكى قىزىل ۋە سېرىققا ئېخمۇ ئاز مىقداردىكى كۆك ئارىلىشىپ كەلگەن، رەڭگى ئەتكە ئوخشايدىغان ئات.

بۆگرۇل ئات: ئىككى بېقىنى ئاق ئات.

سەپ ئات: كۆكۈمتۇل قارا ئات.

يالغىل ئات: ئاق يايلىلىق ئات.

سۇر ئات: پاختەك تۈكى ياكى كۈل رەڭ تۇسىدىكى ئات.

كېر ئات: كەر ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەدە بىلەن تورۇق ئوتتۇرىسىدىكى سارغۇچ ئاتنى كۆرسىتىدۇ. خەلق-مىزدە «ھەي يولۇچى، يولۇچى، كەرگە بويلۇق كەر ئېتىڭ، كەر بولاقتا يۈرىدۇ. ئۇڭ يېقىدا ئون قولان، سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ. سۇرمە رەڭلىك سۇر ئېتىڭ، سۇر بولاقتا يۈرىدۇ. سول يېقىدا بەش قولان، سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ» دېگەن قوشاق بار.

چاغال ئات: چىپار بويناق ئات.

چىپار بويناق ئات: بويىندا ئېقى بار ئات.

بوپ كۆلۈك ئات: بوبرا كېپىكتەك ئات.

كۆمەيت جەدە ئات: يايلى قىزغۇچ، قۇيرۇقى قارا جەدە ئات.

بۆرتە: ئېشەك رەڭگىدىكى ئات.

يەك ئاياغ: تۇيىقىنىڭ دۇمبىسىدە ئېقى بار ئات.

جۇغدار ئات: چوققىسىدا ئۇزۇن قىللىرى بار ئات.

ئاق قاشقار: بۇرۇن سۆڭىكىنىڭ ئېگىز قىرىدا ئېقى بار ئات.

چاقان: كۆزى كۆچلۈك نۇر قايتۇرۇپ كۆزنى چېقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئات.

چوقۇر: يۈز ۋە بەدەنلىرىدە چېچەك ئىزىدەك مۇدۇر - چوقۇرلىرى بار ئات.

ئەجدىھا چوقۇر: ئەجدىھا تۇسلۇك چوقۇر ئات.

سەپكۈن: يۈز ۋە بەدەنلىرىدە سارغۇچ، قوڭۇر ياكى قارا قوڭۇر رەڭدىكى ئۇششاق داغلىرى بولىدىغان ئات.

ئاق يۈز: يۈزى قىسمىنى تامامەن ئاق تۈكچىلەر قاپلاپ كەتكەن ئات.

قۇش تۇمشۇق: تۇمشۇقى قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش ئۇچلۇقراق كېلىدىغان ئات.

ئاق پاچاق: پاچاقلىرى ئاق رەڭدە بولىدىغان ئات.

ئاق چاپاق: تۈسى سۇس ئاق رەڭدە بولىدىغان ئات.

قومۇش قۇلاق: قۇلىقى خۇددى قومۇشنىڭ يوپۇرمىقى-دەك تىك ۋە ئىنچىكە كېلىدىغان ئات.

تۆمۈر كۆكى: تۈسى تۆمۈر رەڭگىدە بولىدىغان ئات.

سۇر كۆك: تۈسى پاختىدەك تۈكى ياكى كۈل رەڭ بىلەن ئاسمان رەڭنىڭ ئارىلاشمىسىغا ئوخشايدىغان ئات.

كۆك ئالا: تۈسى سېغىزخان رەڭگىدەك كۆككە مايىل ئات.

## ئاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىجەز - خۇلقىغا قاراپ سۈپەتلىنىشى

دۇلدۇل: كېلىشكەن، ئىنتايىن تېز چاپىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئات تۈرىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇلپار: ئارغىماق دەپ ئاتىلىدۇ. نەسلى ياخشى يۈگۈرۈك ۋە چاپقۇر ئات، يەنى ئاتلارنىڭ ئەڭ تېز چاپىدىغانلىرى. ئەل ئىچىدە «100 ئاتتىن بەيگە چىقىدۇ، 1000 ئاتتىن تۇلپار چىقىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.

تۇتى: جۇغى كىچىك، بويى پاكار ئات.

ئاساۋ ئات: شاش ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆندۈرۈلمىگەن، ئادەمگە ئۆگىنىلمىگەن ياكى بويسۇندۇرۇلمىغان ئات بولۇپ، بەزى جايلاردا توسۇن ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوزۇق ئات: ئوزار ئات.

خۇش رەپتار: ناھايىتى سىلىق يورۇشلۇق ئات.

دەملىك ئات: جۇغى چوڭ، قاۋۇل، بەدەن تۈزۈلۈشى تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك ھەم جانلىق ئاتنى كۆرسىتىدۇ.

خالتىلىق ئات: ئىلگىرى ئات - ئۇلاغ بىلەن سەپەر قىلىدىغان بىر قىسىم ئەتكەسچىلەر ئەتكەس ماللىرىنى بەلگىلەنگەن مەنزىلگە بىخەتەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاتلارنىڭ بوينىنىڭ يال بېسىپ تۇرغان تەرىپىنى ئۆتكۈر پىچاقتا تىلىپ يانچۇق چىقىرىپ، ئەتكەس ماللىرىنى ئەنە شۇ يەرگە يوشۇرۇپ توساقلاردىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ، مەنزىلگە يەتكۈزگەن ھەم مۇنداق ئاتلارنى «يانچۇقلۇق ئات» ياكى «خالتىلىق ئات» دەپ ئاتىغان.

بەيگە ئات: ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىلىرىدە دائىم بىرىنچى بولۇپ پەللىگە يېتىپ بارىدىغان ئاتتىن ئىبارەت بولۇپ، كۈلۈك ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يام ئاتلىرى: بىر بېكەتتىن مىنىپ كېلىپ، يامخانىغا قالدۇرۇلىدىغان ۋە يەڭگۈشلەپ ئىككىنچى بېكەتكە مىنىپ كېتىدىغان ئات.

كۆتەل ئات: سەپەر ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مىنىش ئاتقا يانداپ ئېلىپ مېڭىلىدىغان ئات.

ياردەمچى ئات: جەنىبەت ئېتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پادىشاھلار بىرەر يەرگە ئاتلانغاندا، ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ يۈرىدىغان ئات.

مىنىش ئات: مەخسۇس سەپەر ۋە يىراق - يېقىنغا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن بېقىلىدىغان ئات.

ھارۋا ئېتى: مەخسۇس ھارۋىغا سېلىش ئۈچۈن كۆندۈرۈلگەن ئات بولۇپ، شوتا ئېتى ۋە ئالدى ئات دېگەن ناملاردا ئاتىلىدۇ.

جەڭ ئېتى: قەدىمكى زامانلاردا جەڭگە كىرىدىغان سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ مىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئات.

شوتا ئېتى: مەخسۇس ھارۋىنىڭ ئۇلاغلىقى يەنى شوتىسىغا قېتىلىدىغان ئات.

ئالدى ئات: ھارۋىنىڭ ئالدىغا قېتىلىدىغان ئاتلار بولۇپ، شاتتۇ ئات دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شاتتۇ: ھارۋىنىڭ شوتىسى ئىچىگە قوشۇلغان ئاتنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ئات قوشۇش ئۈچۈن، شوتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن قىلىپ ئورنىتىلغان، بىر ئۇچىغا خاۋەن بېكىتىلىدىغان، يەنە بىر ئۇچى بولسا ھارۋا ئوقى ياكى شوتىنىڭ ئاستى قىسمىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان ئىككى يانلىق ئارغامچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شوتا ئاتنىڭ ئالدىغا ئۈچ ئات قوشۇش توغرا كەلسە، شاتتۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە بېكىتىلىدۇ. ئالدىدىكى ئۈچ ئاتنىڭ سول تەرەپتىكىسى لىڭشىلىڭ ئات، ئوڭ تەرەپتىكىسى گەنسۇ ئات، ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئات دېگەنناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

تولۇق ئېتى: تولۇق ئېتى خامان تېپىشتە ئارپا، بۇغداي، زىغىر، قىچا، پۇرچاق ۋە تېرىق قاتارلىقلارنى يانچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تولۇققا قېتىلىدىغان ئات. تولۇق چوڭ - كىچىكلىك ئەھۋالىغا قاراپ، بىر ئاتلىق، ئىككى ئاتلىق ھەتتە ئۈچ ئاتلىق تولۇق دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنگەچكە تولۇققا قېتىلىدىغان ھەرقايسى ئاتلارنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولۇپ، بۇلار مىنىش ئات، ياندىق ئات، چەت ئات، ئىچ ئات دەپ ئاتىلىدۇ. تولۇق ئېتى ئاساسەن رايىش ۋە چام ئالمىغان، ئالدىراپ قىلىق چىقارمايدىغان كۆنۈك ئاتلاردىن تاللىنىدۇ.

مىنىش ئات: تولۇق ھەيدىگۈچى مىنىدىغان ئات.

ياندىق ئات: مىنىش ئاتنىڭ يېنىغا قاتارلاشتۇرۇلۇپ قېتىلىدىغان ئات. ئۇيغۇرلاردا «ئىچ ئات تارتسا، ياندىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارتماپتۇ، ياندىق تارتسا، ئۈچ ئات تارتماپتۇ»، «ياندىق بولساڭ يامانغا، رەڭگىڭ ئوخشار سامانغا»، «يامان ئات ياندىق بولالماس» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

چەت ئات: تۇلۇقتا ئۈچ ئات قېتىلىش ھاجەت بولغاندا ئەڭ چېتىگە قېتىلىدىغان ئات.

ئىچ ئات: تولۇقتا ئۈچ ئات قېتىلىش ھاجەت بولغاندا مىنىش ئات بىلەن چەت ئاتنىڭ ئوتتۇرىغا قېتىلغان ئات.

يورغا ئات: رىتىمنى بۇزماي، بىر خىلدا ھەم سىلىق ھەم يۈگۈرگەندەك ئېتىنىك ماڭىدىغان ئات. خەلقىمىزدە «يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار، كۆپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن ئايرىلار» دېگەن ماقال بار.

قىل يورغا: ئاتنىڭ قەدەملىرىنى قىسقا ئېلىپ، سىلىق يورغىلاپ مېڭىش ھالىتى.

سۇ يورغا: ئاتنىڭ سۇنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاش تېز يورغىلاش ھالىتى.

باش يورغا: ئاتنىڭ تەكشى، سىلىق ۋە ئەڭ تېز يۈرىدىغان يورغىسى.

تۆگە يورغا: ئاتنىڭ قاتتىق سىلكىنىپ يورغىلاپ مېڭىش ھالىتى.

سالغا ئات: ئاغزى قاتتىق ئات.

ساش ئات: شاش خۇيلۇق ئات.

ئازنقلق ئات: ئېغىز چىشى بار ئات.

ئۇلاغ: بەگلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرىدىغان چەبەرچىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى، ھازىرمۇ ئات - ئۇلاغ دەپ جۈپ سۆز قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كەرشەگۈ ئات: گەجگىسى يېغىر ئات.

ئۆكۈش ئات: توسۇن ئات.

يەلكىن ئات: تېز چاپار ئات.

كەتكى ئات: تۆشلۈك ئات يەنى بېلى ئىنچىكە، تۆشى كەڭ ئات.

كەۋەل ئات: سىلىق يورغا ئات.

ئىقلاچ ئات: شوخ يۈگۈرۈك ئات

قىسىق ئات: كەيپسىز، جاھىل ۋە كاج ئات.

ناپناق ئات: قىلىق چىقىرىپ غىلجىڭلايدىغان ئات.

چاپچىغاق ئات: ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرىدىغان ئات.

قاشاڭ ئات: يۈرۈشى ئاستا، ھەركىتى سۇس، تېز ماڭمايدىغان ئات. ئۇيغۇرلاردا «قاشاڭ ئات مىنگۈچە، پىيادە ماڭ ئۈلگۈچە» دېگەن ماقال بار.

تۇغزاغ: ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات.

لاڭقا ئات: ئۇرۇق ھەم ئېگىز كېلەڭسىز ئات.

قىرچاڭغۇ ئات: تولا ئىشلەپ قىرچىلىپ ھورۇنلىشىپ كەتكەن ئات.

ئازمە يىلقى: قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەتمەي قويۇپ بېرىلگەن يىلقى.

يازۇق ئات: باغلاقتىن يېشىلىپ كەتكەن ئات.

قوش ئات: خانلارنىڭ يېنىدا ئېلىپ ماڭىدىغان يېتەك ئات.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئات نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن سۆدرىگەك، ئاغزى يۇمشاق، ئاغزى قاتتىق، قاترىغاق، لاشا، گاھال، داپ تالما، ھۇركىگەك، تۇمچەك، ئېچىشەڭگۈ، ساڭقىغاق، يۈرەكسىز، قۇلاڭسا دېگەندەكلەرمۇ تولا ئۇچرايدۇ.

**ئاتلاردا كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم كېسەللىكلەر**

ئات ۋاباسى: ئاتلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئات ۋاباسىنىڭ ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قان شورىغۇچى ھايۋانلار تەرىپىدىن يۇقىدۇ.

ئاق تۇياق كېسىلى: ئات تۇياقلىرىنىڭ بېغىشىدىن ئاجراپ كېتىش سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان بىر تۇياق كېسەللىكى بولۇپ، ئادەتتە كور تۇياق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئاساسەن ئۇزاق ۋاقىت چىلەدە تۇرغان ئاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، شۇڭا ئات ئېغىلىنى قۇرۇق ۋە پاكىز تۇتۇش كېرەك.

ماڭدام: ئاتنىڭ چاپ قىسىملىرىدىن بويۇن تەرەپلىرىگىچە تومۇر قوغلاپ كېڭىيىدىغان، تۆمۈر ئۇستىگە چىقىدىغان يامان سۈپەتلىك يارا كېسەللىكى بولۇپ، تارا ئورنى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن تىلىنىپ، تىلىنغان ئورۇنغا ئۇۋاق سوقۇپ تاللانغان كۆكتاش قويۇش يولى بىلەن داۋا تاپىدۇ.

ساقاۋ: ئاتلارنىڭ ئېڭەك ئاستىغا چىقىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك يۇقۇملۇق يارىدىن ئىبارەت.

مالىنچەك: ئاتلاردىلا بولىدىغان بىر خىل ماڭقا كېسەللىكى بولۇپ، ئالامىتى ئاتنىڭ بۇرنىدىن توختىماي

شىلىمسىمان سۇيۇقلۇق قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە ئات ئىشتىھاسىزلىنىدۇ، ئورۇقلايدۇ، داۋالاش بىر قەدەر قىيىن بولغان يۇقۇملۇق كېسەل دەپ قارىلىدۇ.

نوخلا: ئات ۋە ئېشەكلەرنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆسمە.

ئاقما يارا: ئاتلارنىڭ تېنىدە يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولغاندا ھاسىل بولىدىغان تۇرۇبا. تۇرۇبىنىڭ ئېغىزى تېرە يۈزىدە بولىدۇ ياكى ئۇ باشقا ئىچكى ئەزالار بىلەن تۇتىشىدۇ، كېسەل ئوچۇقى ئىچىدىكى ئاجرالمىلار ئەنە شۇ تۇرۇبىدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

چىلداي: ئاتنىڭ كۆكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا بولۇپ داغلاپ ساقايتىلىدۇ.

يىغىر: ئات ئۇچا تېرىسىنىڭ زەخىملىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان يىرىڭلىق يارا. ئۇيغۇرلاردا «ئات ئورۇق بولسىمۇ يىغىر بولمىسۇن، گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بېغىر بولمىسۇن» دېگەن ماقال بار.

سۇلۇق ئىششىق: بۇ ئاتلارنىڭ تېرە ئاستى توقۇلمىسىنىڭ ئارىلىق بوشلۇقلىرىغا كۆپ مىقداردا سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن پۇتۇن بەدەن ياكى بەدەنىنىڭ بىر قىسمى ئىششىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى.

چاشقان: ئاتنىڭ قولاق ئاستى بېزىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك بولۇپ، چوڭىيىپ كەتكەن بەزنى تېپىپ بىگىز تىقىپ قان چىقىرىۋېتىش يولى بىلەن داۋالاپ ساقايتىلىدۇ.

ئالقاراق: توم تۇياق ماللاردا بولىدىغان سانجىق كېسىلىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، مال ئالقاراق بولغاندا كۆزىنىڭ قارىسى ئارقىسىغا تارتىشىدۇ.

تۇياق يېرىلىش: ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشرقاش ياكى زەخىملىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇياق پارچىلىنىش كېسەللىكى.

تۇياق يىرىڭلاش: ئات تۇيۇقلىرىنىڭ زەخىملىنىشى سەۋەبلىك تۇياق توقۇلمىلىرى ۋە ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆلۈشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

جۆچەي: ئات ئېغىزىنىڭ جاۋغىيىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا بولۇپ، تولىراق يۇگەن ئېغىزدۇرۇقىنىڭ سۈپەتلىك ياكى پاكىز بولماسلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ماخاۋ كېسىلى: سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. ماخاۋ تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا تېرە ئۇيۇشۇش، قېلىنلاش، رەڭگى قارىيىش، تېرە يۈزىدە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولۇش، تۈكلەر تۆكۈلۈپ كېتىش، سېزىمنى يوقىتىش، پاچاق سۆڭەكلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش ئالامەتلىرى بولىدۇ.

### ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئاتالغۇلار

ئاتلىق ئەسكەر: ئاتلىق ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەر.

ئاتلىق قىسىم: ئاتلىق ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىم.

ئاتلىق پولك: ئات مىنىپ ئۇرۇش قىلىدىغان، ئاتلىق ھەرىكەت قىلىدىغان پولك.

ئاتلىق چارلىغۇچى: چارلاش خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەر.

ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى: ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىشلىتىلىدىغان مىلتىق تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تۈزۈلۈشى پىيادە قىسىملار ئىشلىتىدىغان مىلتىقنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما قىسقا، ئېتىش مۇساپىسى ئادەتتىكى مىلتىقنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

ئاتۋاز: ئاتقا ئامراق ۋە ئاتخۇمار كىشى.

ئاتخانا: ئاتختخانا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئات بېقىلىدىغان ۋە ئات كۈتۈلىدىغان ئۆي ياكى ئېغىل.

ئاختىچى: ئات باققۇچى ۋە ئەركەك ئاتلارنىڭ جىنسىي بەزلىرىنى ۋە تۇخۇمىنى ئېلىپ تاشلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىچىمچى.

ئۇيۇر: بۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاتنىڭ سانىنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار سۆز بولۇپ، ئادەتتە بىر ئۇيۇردە 12 باش ئات بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئايغىر، 11 بىيە يەنى بايتال بولىدۇ. بۇ «بىر ئايغىر ئۇيۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئات ئۇيۇرى بەزى جايلاردا «كەپتۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىر ئايغىرنىڭ ئۇيۇرى ئىچىگە باشقا ئايغىرنىڭ كىرىشى ئۇيۇردىكى ئايغىر تەرىپىدىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. سوقۇنۇپ كىرمەكچى بولغان ئايغىر ئاجىزراق بولسا ئۇيۇر ئايغىرى تەرىپىدىن تېزلا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئەگەر قاۋۇلراق بولسا ئىككى ئايغىر ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئېلىشىش باشلىنىپ، يەڭگىنى ئۇيۇرنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

### ئات كۈتۈش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئات ئىشلىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئات بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ھاياتىدا ئاتنى كۈتۈش ئەندىزىلىرىنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئاتنىڭ ھەر خىل ھەرىكەت ھالەتلىرىگىمۇ مۇناسىپ ئىسىملارنى قويۇپ، ئات ھەرىكىتىنىڭ پەرقلىرىنى بىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ خىل ئادەتلەر نۆۋىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئات ئۈستى مەدەنىيىتىنى يارىتىش جەريانىدىكى ئەتراپلىق ئىزدىنىش روھىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ، تۆۋەندە ئات كۈتۈش ئادەتلىرى ۋە ئاتنىڭ بىر قىسىم مېڭىش ھالەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئات بەدىنىنى قاشلاش: قەرەللىك تۈردە ئات ئۈچىسىنى قاشلىغۇچ بىلەن قاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئاتنىڭ تېرىسىنىڭ قان ئايلىنىشى ياخشى بولۇپلا قالماي، ئاتنىڭ بەزى پارازىت ھاشاراتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاتنى سۇغا سېلىش: ئات ناھايىتى ئىسسىقجان ھايۋان دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى سەگىتىش، پاكىزلاش ۋە تۇياق قېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تۇياق يېرىلىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئاتنى سۇدا ئۈزدۈرۈش ئارقىلىق ئات پۇتىنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاتنى سۇغا بىرەر سائەت پىشۇلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتنى تاقلاش: ئات پەسىل ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تۇيۇقىدىن تاقلىنىدۇ. ئات قەرەللىك تۈردە تاقلانمىسا تۇيىقى ئۇپراپ ماڭالماس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا پەسىل ۋە ئات ماڭىدىغان يولنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ئات تۈز تاقا، ئۆكچىلىك تاقا، پوقاق تاقا ۋە ئەمەچەكلىك تاقا بىلەن تاقىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تاقلىنىدىغان ئات تاقلىنىشتىن ئىلگىرى سۇغا سېلىنىپ تۇيىقى يۇمشىتىلىدۇ. كۈنىنىڭ ئىسسىقىدا تۇياق قۇرۇپ كېتىپ، تۇياقنى قورۇپ قىسىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئەھۋالدىمۇ تاقىسى تۇيىقنى قىسىپ، ماۋۇرلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغان ھايۋانلارنى سۇغا سېلىش ئارقىلىق تۇياق ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. تاقىچىلار ئات تاقلاش جەريانىدا ئات تۇيىقىغا مىخ مېڭىپ كېتىشتىن قاتتىق نەزەر ئەيلەيدۇ. شۇڭا تاقا قېقىش ئىشىنى ناھايىتى ئەستايىدىل قىلىدۇ. تۇيىقىغا مىخ مېڭىپ كەتكەن ئاتلار ئىشتىن ياكى سەپەردىن توختىلىپ كۈتۈلىدۇ. تاقلىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر ئاش پىشىم قۇرۇق يېتەكلىنىپ تۇياق تاقىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. تاقلىنىدىغان ئاتلارنى دارغا ئېسىش جەريانىدا چوقۇم سىيلىق ھەرىكەتلەر قىلىنىدۇ. قوپاللىق قىلىنسا، ئات چام ئېلىپ قېلىپ ئۈركۈيدىغان قىلىقلارنى چىقىرىپ كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا ئات نېمىدىن قورقۇپ كەتسە شۇنىڭدىن چام ئالىدۇ. كېيىن ئۆزى قورققان نەرسىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن ئۈركۈيدۇ دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا تاقلاش جەريانىدا ئاتنى چام ئالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ خىل ئەھۋال ئاتتا بەكمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى ئات ئادەم نەسىللىك بولغاچقا، ئەقىللىق كېلىدۇ. بىر چام ئېلىپ قالسا خېلى زامانلارغىچە، ئۈركۈش خۇيىنى تاشلىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتلارنى دارغا ناھايىتى پۇختا تېڭىش لازىم. مۇنداق بولمىغاندا ئات تاقلىنىۋاتقاندا تۇيىقىغا مىخ مېڭىپ كېتىش سەۋەبلىك يۇلقۇنغاندا بېشىنى دار ياغىچىغا ئۇرۇۋېلىپ زەخىملىنىش ھادىسىسى تۇغۇلىدۇ.

تاڭئاشۇرۇش: بەيگىگە سېلىنىدىغان ياكى يىراق سەپەرگە جىددىي چىقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئاتنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ئاندىن بىر كېچە يەم-بوغۇزدىن ئايرىم قاڭتۇرۇپ قويۇش ئىشى تاڭئاشۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق قىلمىغاندا توق قورساق ئات ئاسانلا ماي چايقاپ كېتىدىغان ياكى ئالقاراق، نوخۇلا بولۇپ قالىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

يوپۇق يېپىش: قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرى ئات ئۈستىگە يۇڭ يىپتىن قېلىنراق توقۇلغان مەخسۇس پالاس يېپىپ قويۇلۇپ، تۆشىدىن تۆشلەپ قويۇلىدۇ. مۇنداق بولغاندا ئاتقا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن بولىدىغان كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

يال، قۇيرۇقنى تاراش: ئاتنىڭ يال-قۇيرۇقلىرىنى قەرەللىك تاراپ، چاپلاشقان چاۋا، ئىلناشقان بۇدۇشقاق ۋە قېرىقىز تىكەنلىرىنى پاكىز تازىلاپ تۇرۇش ئاتنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

كۆز ئەتراپىنى قەرەللىك ھالدا تازىلاش: ئاتنىڭ كۆز ئەتراپىنى قەرەللىك تازىلاپ تۇرمىغاندا، كۆز ئەتراپىغا يېپىشقان چاڭ-توزان ۋە غەلدە-غەشلەر ئاتتا كۆز ئاغرىقى

پەيدا قىلىدۇ.

ئېغىنىتىش: ئاتنى قەرەللىك ئېغىنىتىش ئات كۆتۈشنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ، ئاتنى قەرەللىك ئېغىنىتىپ بەرگەندە ئاتنىڭ ئومۇمي بەدەن ھەرىكىتى ياخشىلىنىدۇ.

ئوقۇر ۋە قورۇنى پاكىزلاش: ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان ۋە ئات داۋاملىق تۇرىدىغان ئوقۇر ھەم قورۇ تازىلىقىنى ياخشىلاش، ئات بوغۇزىغا ساپ بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئېگەر- توقۇمسىز مىنمەسلىك: ئاتقا ئېگەر توقۇمسىز مىنىش يايداق مىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاتنى يايداق مىنىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى يايداق مىنىلگەن ئاتنىڭ ئۇچىسىدا سۇلۇق يېغىر يارىسى پەيدا بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يايداق ئات مىنگۈچى ئات ئۇچىسىغا ئۇسۇرۇپ قويسىمۇ ئات يېغىر بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

زىيادە زورۇقتۇرۇشتىن ساقلىنىش: ئاتنى زىيادە زورۇقتۇرۇشتىن ئاتنىڭ سېرىق ئېتى يىرتىلىش، سوڭگى چىقىپ كېتىش، تاش خالتىسى ساڭگىلاش، كۆزى خۇنۇكلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ئاتنى زىيادە كۆچىتىشمۇ چەكلىنىدۇ.

قولتۇق، چاپ قىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش: ئاتنىڭ قولتۇق ۋە چاپ قىسىملىرى ئاتقا زىيان يەتكۈزۈدىغان پارازىتلار يوشۇرۇن ياشايدىغان ئورۇنلار بولۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرمىغاندا زىيانداش پارازىتلار بەزى كېسەللىكلەرنى پايدا قىلىشى مۇمكىن.

يەم - بوغۇزنى قۇۋۋەتلەش: ئات بوغۇزىنى قۇۋۋەتلەش ئات كۆتۈشتە ئېخىمۇ مۇھىم بولغان تەركىب ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئات يەپمۇ چىدايدۇ، يېمەيمۇ چىدايدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئاتنى پەيتىدە قۇۋۋەتلىك يەم - بوغۇز بىلەن بېقىش زۆرۈر. مۇنداق بولغاندا ئات ئۇزاقراق يەم - بوغۇزسىز قالسىمۇ كاردىن چىقمايدۇ.

ئويۇلغۇ: ئاتنى ئوت - چۆپ ۋە بوغۇزغا قويۇش.

### ئاتنىڭ بىر قىسىم ھەرىكەت ھالەتلىرى

تىزگىن سىيرىش: ئاتنىڭ بېشىنى ئالدىغا سىلكىپ، ئېغىزدۇرۇقنى چىشلەپ، تىزگىننى تارتىپ چېپىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «تىزگىن سىيرىپ چاپىدۇ، قىزنىڭ ئېتى ئاستىدا. بۇركۈت ئوخشاش قونۇپتۇ، يىگىتمۇ ئاق قاشقىغا» دېگەن قوشاق بار.

بۆرە مېڭىش: ئاتنىڭ ئادەتتىكى مېڭىشىدىن تېز، سوكۇلداپ مېڭىشتىن ئاستا بولغان بىر خىل مېڭىش تۈرى.

قاتراپ مېڭىش: ئاتنىڭ ئادەتتىكىدىن ئىتتىكرەك، يۈگۈرگەندىن ئاستىراق مېڭىش ھالىتى.

مۆڭكۈش: ئاتنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىچاڭلاش ھالىتى.

چاپچىش: ئاتنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇش ھالىتى.

سوكۇلداپ مېڭىش: ئاتنىڭ تۆت پۇتىنى تەڭ يۆتكەپ ئاستا ھالەتتە چايقىلىپ مېڭىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوكۇرەك تاشلاپ چېپىش: ئاتنىڭ تۆت پۇتلاپ ئاستىراق سەكرەپ چېپىش ھالىتى.

يورغىلاپ مېڭىش: ئاتلارنىڭ رىتىمنى بۇزماي، بىر خىلدا ھەم سىلىق ھەم يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىش ھالىتى.

ئارىلچى: ئاتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل مېڭىش تۈرى بولۇپ، ئاتنىڭ بۆرە مېڭىشى بىلەن قاتراپ مېڭىشى ئارىسىدىكى مېڭىشى.

### ئاتنىڭ بەدەن ئەزالىرىنىڭ نامى

يالغۇز ئېزىق: ئاتنىڭ ئۇدۇل چىشى بىلەن ئېزىق چىشىنىڭ ئارىسىدىكى چىشى.

قارتا ــ ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى يەنى كۆتەن ئۈچىيىنى كۆرسىتىدۇ.

قىزىلىق: ئاتنىڭ قوۋۇرغىسى بىلەن قوۋۇرغا مېيى جايلاشقان چاپ قىسمى.

يال: ئاتلارنىڭ بويۇن قىلى.

سىڭارسۇق: ئاتقا ئىككى ئادەم مىنگەشكەندە، مىنگەشكۈچىنىڭ ئولتۇرغان يېرى.

يامغۇق: بايتال ئاتنىڭ ئەمچەكلىرىنىڭ ئۆرپى ياكى تۈپچىسى. بۇنى بەزىلەر يازغۇق دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئاتنىڭ ئۈچىسى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى ئىككى يېنى.

تۇياق: ئات ئاياغىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قاتتىق قىسمى بولۇپ، ئات توم تۇياقلىق ھايۋان تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دەيدىغان ماقال بار.

ئۇجەن: ئاتنىڭ قۇيرۇق ئومۇرتقىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆمگەن: ئاتنىڭ كۆكرەك قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇق: ئاتنىڭ ئۇچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئۇلۇق ياغىرى ئۇغۇلغا قالۇر» دېگەن ماقال بار. چۈنكى ئۇگە ۋە سىگىرلار شۇ يەرگە جايلاشقانلىقتىن، ئۇ يەردىكى يېغىر ئوڭاي ساقايمايدۇ.

## ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم نام ۋە ئويۇنلار

چەۋەنداز: ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇشقا ماھىر، ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم.

چەۋەندازلىق: تەنھەرىكەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، سەيلە ـ ساياھەت كۈنلىرىنىڭ قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق كۆڭۈل ئېچىش نومۇرلىرى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. چەۋەندازلىق ئويۇنلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئاتلىق ماھارەت كۆرسىتىش، ئات توپى، ئات ئويۇنى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئات بەيگىسى: ئات چاپتۇرۇش تېزلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مۇسابىقە تۈرىدىن ئىبارەت.

ئوغلاق تارتىشىش: ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە بىر خىل ئات ئۈستى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى بولۇپ، بۇنىڭدا بوغۇزلانغان ئوغلاق ئوتتۇرىغا تاشلىنىپ، نەچچە ئونلىغان ياكى نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىق ماھىرلار ئوغلاقنى تالىشىدۇ. كىم ئوغلاقنى ئالامەن ئىچىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا قاتناشقان ھەم ئۇنىڭغا ماھىر كىشى ئوغلاقچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى كۈچ قۇۋۋەت، غەيرەت ـ جاسارەت ۋە پەم ـ پاراسەتنى سىنايدىغان ئويۇن بولغاچقا، ئوغلاق ئويۇنىدا يېڭىپ چىققان كىشى باتۇر سانىلىپ، يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئېرىشىدۇ.

ئاتلىق ماھارەت كۆرسىتىش: چەۋەندازلىق تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى، يەككە تۈر ۋە كۆپ تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقىدە بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ۋە ئۆزى تاللىۋالغان ھەرىكەتلەر ئورۇنلىنىدۇ.

ئات توپى: چەۋگەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. توپ مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ بولىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر ئاتقا مىنىپ، بېشى ئەگرى تاياق بىلەن توپنى ھەيدەپ قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئۇرۇپ كىرگۈزسە، غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

ئات ئويۇنى: ئات ئۈستىدە ئاتنى ھەر خىل تېزلىكتە ماڭدۇرۇپ تۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئويۇندىن ئىبارەت.

يۇقىرىلاردىن باشقا يەنە، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئېلىش، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، تۇسالغۇلاردىن ئاتلىق ئۆتۈش، ئات ئۈستىدە قىلىچ چېپىش، ئات ئۈستىدە چۆنق چېپىش، ئات ئۈستىدە نەيزە، ئۇمۇت، قالقان ئىشلىتىش، قارىغا ئېتىش، ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئاتنىڭ ئوڭ ـ سول يېنىغا ئۆزىنى تاشلاش، چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇش، ئات ئۈستىدە تورنىك ئويناش، ئاتنىڭ ئوڭ ـ سول يېنىغا ئۆزىنى چۈشۈرۈپ بۆسۈپ ئۆتۈش، چېكىنىپ زەربە بېرىش قاتارلىق كۆپلىگەن ئات ئۈستى ماھارەتلىرى بار.

ئارغىماق ئۇسسۇلى: ئوغلاق تارتىشىش، ئات چېپىش قاتارلىق چاپچىما ھەرىكەتلەرنى ئۆز مەزمۇنى قىلىپ ئىپادىلەيدىغان مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر كىشى چىرايلىق قىزىل كىيىملەرنى كىيىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئارغىماق ئۇسسۇلى بەزى رايونلاردىكى كېلىن كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋالقى «ئايغىر قوغلاش» ئويۇنى شەكلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئۇسسۇل كىشىلەرگە شاد ـ خۇراملىق ئاتا قىلىدىغان، شوخ تېمپلىق ۋە مول مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئۇسسۇلدۇر.

## مۈچەل كالېندارى ۋە ئات

مۈچەل كالېندارى ھەر بىر يىلنى بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتاپ ھېسابلاش ئاساس قىلىنغان، دۇنيا مىقياسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان كالېندار بولۇپ، ئون ئىككى مۈچەل ھەر ئون ئىككى يىل بىر قېتىم دەۋر قىلىنىدىغان ۋە ھەر بىر يىل بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئات ئون ئىككى مۈچەل كالېندارىدىكى ئون ئىككى ھايۋاننىڭ بىرى سۈپىتىدە مۈچەل يىلىغا كىرگەن ھەم بۇ يىل ئات يىلى دەپ ئاتالغان.

ئات يىلى: ئون ئىككى مۈچەلنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ، مۈچەل يىلى ھېسابىدىكى يەتتىنچى يىلنى بىلدۈرىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئاتنىڭ قېرىنى بولمىغاچقا مۆچەل يىلىغا كىرىلگەن، دەيدىغان قاراش بار.

### سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئاتنىڭ ئورنى

قەدىمكى دەۋرلەردە چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئالماشتۇرىدىغان ئاساسىي بۇيۇملىرى ھايۋان ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان. ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھايۋان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەممە تاۋارلارغا باھا قويۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينىغان. دېمەك ھايۋان يەنى ئات — ئاخىرى بىرىپ پۇلنىڭ رولىنى ئوينىغان. ئاتنىڭ ئېلىمىزدە ھەققىي تۈردە پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىشى ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان بولسا كېرەك. چۈنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئېلىپ بارغان سودىدا يەنى «ئات - چاي سودىسى» ۋە «ئات - يىپەك سودىسى»دا بىر ئاتنى 40 توپ شايى قىممىتىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاۋارلىرىغا ئايرىۋاشلىغان ھەمدە بۇ خىل سودىنى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملاشتۇرغان. بۇنداق سودىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى، مىلادىيە 773 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان سودىدىكى ئاتنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكەن.

### ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىكى رولى

ئات گۆشى: سويۇلغان ئاتنىڭ تېنىدىكى ئوزۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى بولۇپ، تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، غەيرەتلىك قىلىش، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، سوغۇق مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تەڭشەش، مۇپەسسەل ۋە ئەزا تىترەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يىقتىش رولىغا ئىگە.

قېزا: ئاتنىڭ ياكى كالىنىڭ ئۈچىيىگە ئات گۆشى ۋە قوۋۇرغىسىنى تىقىپ، ئارچا، ئالما ۋە ئۆرۈك ئوتۇنلىرىدا ئىسلاش يولى بىلەن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكتىن ئىبارەت.

قارتا: ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى يەنى كۆتەنباش (تېرەكلىك ئېغىزى) قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئات سۈتى: قۇلۇن تۇغقان بايتالنىڭ سۈت بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق سۇيۇقلۇق بولۇپ، تەركىبىدە سوق ئاقسىل، لاكتوزا ۋە تۇز قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ.

لاكتوزا: بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە. ئاق رەڭلىك كرىستال ياكى پاراشوك بولۇپ، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈتىدە بولىدۇ. ئادەم سۈتىدە 5% - 8% لاكتوزا بولىدۇ. ئات سۈتى تەركىبىدىكى لاكتوزىدىن ئادەتتە باللار يېمەكلىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرى تەييارلىنىدۇ.

قىمىز: بايتال سۈتىنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان شىپالىق رولىغا ئىگە ئىچىملىكتىن ئىبارەت بولۇپ، تەبىئىتى سوغۇققا مايىل، ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ. ھەر كۈنلۈكى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە ئىشتەيىنى ئاچىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەپ قاننى تولۇقلايدۇ. سۈيدۈكنى ھەيدەپ بۆرەك ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ. يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ قان بېسىمنى چۈشۈرۈش ۋە خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىشتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىدۇ. بەدەننى قىزىتىپ، مېڭىنى ئارام ئالدۇرىدۇ. ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. ئويغانغاندا مېڭە ئالاھىدە سەگەكلىشىپ، ئادەم روھلۇق بولۇپ قالىدۇ. نېرۋا ئاجىزلىققا شىپا قىلىدۇ ۋە ئۆپكىنى تازىلاپ، ئۆپكە تۇبېركۇليۇزغا شىپا بولىدۇ. ماددا ئالمىشىشنى تەڭشەپ، بەدەننىڭ كېسەللىككە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. تۇبېركۇليۇز مىكروبىنى ئۆلتۈرۈش ۋە تىزگىنلەش رولىغا ئىگە.

### ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى رولى

ئات تېرىسى: تېرە مۇسكۇلنى ئوراپ تۇرغۇچى تەن سىرتىدىكى توقۇلما بولۇپ، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئېپىدېرما «تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى»، ھەققىي تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلما «ئورگانىزمدىكى ئەزالارنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىك»لىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ، ئات تېرىسىدىن كۆن، جەم، خۇرۇم قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ.

كۆن: يەنە بىر ئاتىلىشى يەرلىك چىگرىن بولۇپ، ئەيلەنگەن، ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «تاغدا قۇلان تېرىسى قىيىش بولار، كۆن بولماس. ياخشى ئاتا بالىسى غېرىب بولار، قۇل بولماس» دېگەن قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. كۆننىڭ ئات كۆنى ۋە تۆگە كۆنى دېگەن تۈرى بار. چۈنكى كۆن ئات

بىلەن تۆگىنىڭ تېرىسىدىن ئىشلىنىدۇ، كۆن قىلىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياغقا چەم قىلىنىدۇ.

خۇرۇم: ئات، كالا، قوي ۋە چوشقا قاتارلىق ھايۋان تېرىلىرىنىڭ تۈكىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بىر خىل يۇمشاق ۋە پارقىراق كۆندىن ئىبارەت.

چەم ـــ ئات، كالا قاتارلىق ھايۋان تېرىلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن قېلىن رەختتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «جەرەن تېرىسى كۆن بولۇر، چەم بولماس» دېگەن ماقال بار.

**ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى رولى**

بوز ئات قۇيرۇقى: ئۇيغۇر تېبابىتىدە چىش تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى بوز ئات قۇيرۇقنى ئېلىپ، تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغۇدەك قىلىپ كۆيدۈرۈپ (سارغىيىپ ئۇچلىرى ئېگىلگىچە كۆيدۈرۈلىدۇ)، يۇمشاق سوقۇپ، 95% لىك ئىسپىرت بىلەن خېمىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ، تارتىلىدىغان چىشنىڭ تۈۋىگە سۈركەپ بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، چىشنىڭ تۈۋىدە كۆيۈشۈش ھېس قىلىنىپ، قۇرۇقلار كۆرۈنگەن چاغدا، چىش مىلىكىنى ئاجرىتىپ، چىش ئامبۇرى بىلەن ئاغرىق چىش تارتىۋېلىنىدۇ.

قۇلۇن تېرىسىگە ئېلىپ داۋالاش: قۇلۇن ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئالتە ئايلىق بولمىغان بالىسى بولۇپ، قۇلۇن تېرىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئوتتۇرا ياش ئاياللاردا بولىدىغان بالىياتقۇنى سوغۇق يەل قاپلاپ كېتىش، بەدىنى سوۋۇپ كېتىش، لەقۋا ۋە پاراللىچ بولۇپ قېلىش كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن تۇغۇلغىنىغا يۈز كۈنچە بولغان قۇلۇننى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسى تېزدىن سويۇۋېلىنىپ، بىمارنى تېرىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. قۇلۇن تېرىسى بەدەننى قىزىتىش ۋە ياشارتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، قۇلۇن چوقۇم ئۈچ ئايلىقتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

**ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى رولى**

ئاتنىڭ يال ـ قۇيرۇق قىلى ئاتنىڭ يال ۋە قۇيرۇقىدىكى تۈكى بولۇپ، قىل تاغار، قىل ئەلگەك، قىل ئارقان قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

قىل تاغار: ئاتنىڭ يال ـ قۇيرۇق قىلىدىن توقۇلىدىغان تاغار بولۇپ، چىدامچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. تاغار نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەجىم ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە ھەجىم بىرلىكىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قىل ئارقان: ئاتنىڭ يال ـ قۇيرۇق قىلىدىن ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن قىلىپ تەييارلىنىدىغان ئارقان بولۇپ، ئات ئارقانداش، ھارۋىغا ئېگىز قىلىپ بېسىلغان زىرائەت پاخاللىرىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىش، كۆندۈرۈلمىگەن ئاساۋ ماللارنى تۇتۇش ئىشلىرىدا سالما تاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قىل ئەلگەك: ئاتنىڭ قۇيرۇق قىللىرىدىن توقۇلغان قېلىن ئەلگەكنى كۆرسىتىدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆلەتمەھەممەت بازىرى مويۇنگۆزەر مەكتەپتە)

2017.3


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2014 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# دېھقانلار رەسىمگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش

ئەسقەر تۇردى

**دېھقانلار رەسىمىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە رەڭ ئالاھىدىلىكى**

بەدىئىي قۇرۇلما رەسىمدىكى ئوبرازنىڭ توقۇلمىسى يەنى نۇقتا، سىزىق، يۈزى، رەڭ قاتارلىقلارنىڭ رەسىمدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسىدۇر. بىر پارچە رەسىمدە رەسسامنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن مەقسەت يەنى تېما ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن قانداق ئىپادىلىگۈسى كەلسە شۇنداق ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگوچە رەسساملىق نەزەرىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قۇرۇلما ئوبراز، رەڭ، سۈپەت تۇيغۇسى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي يەنە ئىدىيە، ئىشتىياق، ئېستېتىك گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇشنى نىيەت قىلىش، ھېسسىيات قوغلىشىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇلما بىر پارچە رەسىمدە رەسىمنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىسكىلىتتۇر. ئۇ رەسىمنىڭ ئاساسىي شەكلىنى بەلگىلەپ، رەسىمدىكى بەدىئىيلىكنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. رەسىمدىكى بارلىق ئامىللارنى قۇرۇلما تەشكىللەيدۇ ۋە بىرىكتۇرۇپ چىقىدۇ. بىر پۈتۈن رەسىمدىكى ئوبرازغا تەقسىملەنگەن ئامىللار بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەكىلدىكى ھەرىكەت ھالەت، سىزىقنىڭ مېڭىش يۆلىنىشى، رەڭ قاتلىمىنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىقلار رەسىمدە ئۆزگىرىشچان شەكىل گۈزەللىكى تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسسامنىڭ تىلىكى بىلەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

دېھقانلار رەسىمى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆمىدىگە، ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلمىنىڭ ئەركىن بولىدىغانلىقىدا، ئوبرازنىڭ مۇبالىغە-
لەشتۈرۈپ، يارىتىلىدىغانلىقىدا، رەڭنىڭ ئاددىيلىقلىقىدا ۋە
مەزمۇننىڭ مول‌لۇقىدا نامايان قىلىنىدۇ.

خەلق سەنئەتكارلىرى باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-
مايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرى قەلبىدە بولى-
دۇ. قۇرۇلمىنىڭ ئەركىن بولۇشى تامامەن ئۆز خىيالى بو-
يىچە گەۋدىلىنىدۇ. ئوبرازنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ يارىتى-
لىشى ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولىدۇ. رەڭنىڭ ئاددىيلىقى
ئۆز ھېسسىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ سەنئىتى ئەڭ
ئەركىن ئەڭ جانلىق سەنئەت بولىدۇ. يالغاننى ئويدۇرۇپ
چىقمايدۇ. ساختىلىق ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىجا-
دىيىتىنى چىن ھېسسىياتى بىلەن يارىتىدۇ.

رەڭ ئەسلىدىنلا بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ بىر
مىللەتنىڭ ھېسسىياتى، كەچمىشى ۋە ئىدىيەسىنىڭ رەڭدە
گەۋدىلىنىشىدۇر. خەلق گۈزەل سەنئىتى ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن
نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تارقىلىشى جەريانىدا ئۆزى-
گە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. رەڭ
خەلق گۈزەل سەنئىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل
بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدى-
غان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. خەلق گۈزەل سەنئىتىدە ئوخشى-
مىغان رەڭ بىلەن ئۆزگىچە قاراش ئىپادىلىنىپ مىللەتلەر
گۈزەل سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بىلەن ئېستېتىك
گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش قارىشىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى-
نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق گۈزەل سەنئىتىدە
رەڭ ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزى كۆزەتكەن ئوبيېكت بىلەن
سۆزلىشىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت تىلىدۇر.

خەلق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى تەبىئىلىككە
ھۆرمەت قىلىپ، كۆك، يېشىل، قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا قا-
تارلىق رەڭلەرنى ئۆزىنىڭ رەسىملىرىدە كۆپ رەك ئىشلىتىدۇ.

خەلق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى سىزغان
رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى قوپال، ئەركىن قۇرۇلما قوپال ۋە
خام، ئىشلەتكەن رەڭ ئاددىي ھەم مۇبالىغىلەشكەن.

ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە رەڭلەر يۇكسەك دەرىجىدە
تويۇنىدۇ ھەم ئاددىي، چوڭشىنشلىك بولىدۇ.

### شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمى

شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-
يىللىرىنىڭ ئاخىرى 70-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تەرەققىي قى-
لىشقا باشلىغان. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراق-
لاشقان رايون بولغاچقا، مەدەنىيەت كۆپ خىل ئالاھىدى-
لىككە ئىگە بولغان. بۇنداق ئالاھىدىلىك شىنجاڭ مەدەنى-
يىتىنى خاسلىققا، مول، رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان. ئۇيغۇرلار
سەنئەتكە باي، ئىجادچان، مىللەت، ئۇيغۇرلار ئاق
كۆڭۈل، ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر، خۇشخۇي، تېتىك،
سەممىمىي، بوشاشماي ئىلگىرىلەيدىغان روھقا ئىگە مىللەت.
ئۇلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا
ئۆز مەدەنىيىتىنى داۋاملىق بېيىتىپ ئۆزىگە خاس مەدەنى-
يەت ياراتقان.

### شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى

خەلق سەنئىتىنىڭ پىششىپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتى
پەلسەپىۋى قاراش بىلەن سەنئەت قارىشىدىن ئوبراز يارى-
تىش قارىشىغىچە بولغان مۇكەممەل سىستېمىدا ۋۇجۇدقا
كەلگەن. ئۇنىڭدا پەلسەپە سىستېمىسى، سەنئەت سىستېمى-
سى، ئوبراز يارىتىش سىستېمىسى بولىدۇ. خەلق سەنئىتى-
نىڭ ئوبراز يارىتىش قارىشى بىلەن سەنئەت قارىشىنى پەل-
سەپىۋى قاراش بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردىكى پەلسەپىۋى
قاراش كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىدۇر.
پەلسەپىۋى ئىدىيە دۇنيا قاراش، گۈزەللىك قارىشى، سىيا-
سىي قاراش، ئەخلاق قارىشى، ئىقتىساد قارىشى ۋە
قىممەت قارىشى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

دېھقانلار رەسىمدىكى گۈزەللىك قارىشى مىللەتنىڭ
ئەنئەنىۋى سەنئىتى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك بىرلىشىپ
كەتكەن. دېھقان رەسساملار قەلبىدە ئۇزاق يىللاردىن
بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئوبرازنى قىزغىن ھالدا
قايتا نامايان قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئىپادىلەش
ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىككە بولغان تەلپىگە ئۇيغۇن
كېلىدۇ. دېھقانلار رەسىمدە بېزەش، ئابستراكت ئىپادى-
لەش، مۇبالىغە قىلىش، شەكىل ئۆزگەرتىش، ئادەملەشتۈ-
رۈش، نەرسىلەشتۈرۈش، ئوخشىتىش قاتارلىق كۆپ خىل
ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە قۇرۇلما، رەڭ،
ئوبراز دېھقانلارنىڭ گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىشى بىلەن
سەنئەت ئۇسلۇبىغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەم بۈگۈنكى
دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتى، ئېستېتىك ھەۋەسگە ئۇيغۇن كېلى-
دۇ. رەسىم سىزىشنىڭ گۈزەللىكى تەبىئەتنى سىزىشلا
بولۇپ قالماي بەلكى رەسىمدىكى رەڭ، شەكىل ۋە قۇرۇل-
مىنىڭ قايتا يارىتىلىشىدۇر. رەڭ بىلەن شەكىل قۇرۇلمىسى-
نىڭ ئوبيېكتىنىڭ مۇستەقىل قىياپەت گۈزەللىكنى نامايان
قىلىشى خەلق ئەنئەنىۋى سەنئىتى بىلەن تومۇرداش.

1. خەلق رەسىملىرى ئوخشىمايدىغان مىللەتنى،
ئوخشىمايدىغان يەردىكى ئوخشاشمايدىغان تۇرمۇش ئا-
دەتلىرىنى، ئېستېتىك ھەۋەسنى ۋە غايىسىنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىدۇ.

2. شىنجاڭ خەلق رەسىملىرى شەكىل ئالاھىدىلىك
جەھەتتە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ھەۋەسى، ئېستېتىك

2017 . 3

ئېگى قاتارلىقلاردىن ئايرىلمايدۇ.
3. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ھەۋە-
سى ۋە ناخشا- ئۇسسۇلى دېھقان رەسساملارنىڭ رەسىم ئىجا-
دىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، مەزمۇنى مول، رەڭلىرى يارقىن،
ئىپادىلەش ماھارىتى جۇشقۇن ۋە مەردانە، ئوبرازلار مۇبالى-
غىلەشتۈرۈلگەن، قۇرۇلمىسى يۈرەكلىك لايىھەلەنگەن ئۆزگى-
چە شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىنى شەكىللەندۈرگەن.
4. شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى
قويۇق، ھەر بىر پارچە دېھقانلار رەسىمىدە گۈزەل بىر
تۇرمۇش ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەر بىر پارچە
رەسىم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئۇسۇلى ياكى گۈزەل
بىر رىۋايەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاددىي باش تېما بىلەن
تۇرمۇشنى، ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
5. خەلق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى تەبىئى-
لىككە ھۆرمەت قىلىپ، كۆك، يېشىل، قىزىل، سېرىق،
ئاق، قارا قاتارلىق رەڭلەرنى ئۆزىنىڭ رەسىملىرىدە
كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.
6. خەلق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى سىزغان
رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى قوپال، ئەركىن. قۇرۇلما قوپال ۋە
خام، ئىشلەتكەن رەڭ ئاددىي ھەم مۇبالىغىلەشكەن.
7. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە رەڭلەر يۇكسەك دەرىجى-
دە تويۇندۇ ھەم ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولىدۇ.
شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمى رەڭنىڭ ساپلىقىغا ئەھمى-
يەت بېرىدۇ. خەلق ئامىمىسى يېشىل دەرەخنى، گۈلنى
ياخشى كۆرىدۇ. ئۆيلىرىنىڭ ئالدى- كەينىگە ھەرخىل
دەل- دەرەخلەرنى تىكىدۇ، ھەر خىل گۈللەرنى تېرىيدۇ.
بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن كۆك ئاسماندىكى
ئاپپاق بۇلۇت، سېرىق قۇم قاتارلىق تەبىئىي رەڭلەر
ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە بىۋاسىتە قوللىنىلىدۇ. ئەلۋەتتە
ئۇلارنىڭ رەڭگى مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ كىشىنى ھاياجانغا
سالىدىغان، بىر كۆرسە پۇخادىن چىققۇدەك ئۇنۇم پەيدا
قىلىش بىلەن بىللە، يەنە رەڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە،
ماسلىشىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. رەڭگە بولغان ئېستې-
تىك پسىخىكا يەككە- يېگانە بولمايدۇ. ئۇ بىر دۆلەتتىكى
مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى بىلەن ئەدەپ- ئەخلا-
قىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىمۇ
شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى بىلەن
ئەدەپ- ئەخلاقىنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ. دېھقانلار رەسىمى-
دە دېھقان رەسساملارنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى بىلەن خاراك-
تېرى تەبىئىي ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمى-
نىڭ تەرەققىياتى يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. شىنجاڭ
دېھقانلار رەسىمى تەرەققىي قىلماقچى بولسا قانداق تە-
رەققىي قىلىدۇ. قانداق قىلغاندا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يىلتى-
زىدىن ئاجراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، قانداق قىل-
غاندا مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قال-
غىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا چوقۇم
سەگەك بولغان كاللا بولۇش كېرەك. ئىنسانلارنىڭ تارى-
خىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي قەبىلىلەردىن
مىللەت ۋە دۆلەتكە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇ دۆلەتتە ياشاي-
دىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە مىللىتى ۋە رايونى
بولۇپلا قالماستىن شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتى
ۋە دىنىي ئېتىقادىي شەكىللىنىدۇ. مىللەت تارىخى ئوخشاش-
مايدىغان بولغاچقا ھەرقايسى رايونلاردىكى مىللەتلەر
ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش-
مايدىغان مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭخۇا مىللىتى-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ھەر مىللەت-
نىڭ مەدەنىيىتى شەكىللەندى.
لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاشقى مەدەنىيەتلەر
ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يەت تۈرلۈك زەربىلەرگە ئۇچرىدى. دېمەك، خەلق سەن-
ئىتى بىلەن شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىمۇ ئۇنىڭ زەربىسى-
دىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغان-
دا، شىنجاڭ دېھقانلار رەسىملىرى ئىچىدىكى قىسمەن رە-
سىملەردە شىنجاڭ دېھقانلار رەسىمىگە خاس ساپلىق، بىر
خىللىق، بېزەكلىكى ئالاھىدىلىكلىرى يوقىلىشقا باشلاپ،
ئاتالمىش «ئېنىقلىق ۋە ئىلمىيلىك»نى قوغلىشىپ، «ماھى-
يىتىگە يېتىش»قا ئەھمىيەت بەرگەن ھەم شەيئى ئوبرازى-
نىڭ قۇرۇلمىسى، نىسبىتى ۋە رەڭگىنىڭ چىنلىقىغا رىئايە
قىلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ھېسسىيا-
تى، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش تۇتىدىغان خاراكتېرى ۋە
ئەركىن سەنئەتلىك نوپۇزىنى يوقاتقان.
دېھقانلار رەسىمى خەلقنىڭ رەسىمى، ئەگەر ئۇنى
خەلق سەنئىتىنىڭ يىلتىزىنى بويلاپ مېڭىش سىستېمىسى
بويىچە يېتەكلەپ ماڭمىسا ئەنئەنىۋى خەلق گۈزەل سەنئى-
تى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىق تەرەققىياتى ئۈزۈلۈپ قا-
لىدۇ. ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى
بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىدۇ. خەلق سەنئىتىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتا شۇ مىللەتنىڭ جاسارىتى بولۇشى كېرەك. بۇ
ھەم شۇ مىللەتنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى بىلەن ئېستېتىك
قارىشىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي ئۆزىگە خاس يولدا
مېڭىپ ئايرىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا قانچە مىللىيلىككە ئىگە
بولسا شۇنچە خەلقئارالىشىدۇ.
(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاۋات خەلقىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىلىق

دۆلەت ئاقنىياز

ئەنئەنىۋى ئىزچىلىقنىڭ كىلىپ چىقىشى ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق مەزگىلىدە كىشىلەر دەسلەپتە تاياق، كالتەك، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ئوۋ ئوۋلىغان بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرىنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىۋالغان، نەتىجىدە ئوۋ قوراللىرىنىمۇ تەدرىجىي ياخشىلاپ، ھايۋانلارنىڭ مېڭىش يۆلىنىشى بويىچە ئىز قوغلاپ ئوۋچىلىق قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېھتىياجدىن ئېشىپ قالغان تىرىك ھايۋانلارنى بېقىش، كۆندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان، ئاخىرىدا بىر قەدەر كۆلەملەشكەن چارۋىچىلىق مەيدانغا كەلگەن. ھەر بىر دائىرىدىكى چارۋىلارنى بېقىش جەريانىدا توپتىن ئايرىلىپ قالغان ياكى باشقا توپقا قوشۇلۇپ كەتكەن چارۋىلارنى ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بويىچە ئىزدەشكە توغرا كەلگەن، مۇبادا يات ئادەملەر ھەيدەپ كەتكەن بولسا ئىزدەش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى پەرقلەندۈرۈشنىمۇ ئىگىلىگەن. دېمەك ئەنئەنىۋى ئىزچىلىقنىڭ كىلىپ چىقىشى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

ئاۋات ناھىيەسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىلىرىدىن كەلگەن كەلكۈندىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچ شەكىللىك تىندۇرما بىلەن تارىم ئويمانلىقى تۇتۇشۇپ كېتىدىغان ئارىلىققا جايلاشقان بولۇپ، شەرق ۋە شىمالىي تەرەپلىرى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن بوستانلىق ئارقىلىق تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى كەلپىن ناھىيەسى ۋە مارالبېشى ناھىيەلىرى بىلەن تەبىئىي يايلاق ۋە جاڭگال ئارقىلىق تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى كەڭ كەتكەن يۇلغۇن ۋە توغراقلىق بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق لوپ، قاراقاش ناھىيەلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ناھىيەنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك تەبىئىي شارائىتى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئاۋات ناھىيەسىنىڭ «ئاۋات» نامى يۇرت بولۇش تارىخى 500 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولسىمۇ، ئاۋات زېمىنىغا دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر ئالدى بىلەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چارۋىچىلىق تۇرمۇشى مۇقەررەر ھالدا ئوۋچىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ، ئوۋ ئوۋلاش ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا چارۋىلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى پەرق ئېتىش — چارۋىچىلار ئىگىلەش زۆرۈر بولغان ئەمەلىي بىلىمگە ئايلانغان. مۇشۇ ئاساستا چارۋىچىلىقتىن، دېھقانچىلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىش داۋامىدا چارۋا ۋە ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى دەل توغرا تاپالايدىغان بىر قىسىم داڭلىق ئىزچىلار بارلىققا كەلگەن. مۇنداق ئىزچىلار ئادەمنىڭ ئىزىغا قاراپلا ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك، ئېگىز - پاكار، ئورۇق - سېمىز، ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىگە، نەرسىنى قايسى قولىدا ياكى قايسى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقىغا، ساق ياكى توكۇر ئىكەنلىكىگە، ھەتتا پىچاقنى قايسى تەرەپكە ئېسىۋالغانلىقىغىمۇ ھۆكۈم قىلالايدىكەن. شۇڭا كەسپىي ئوغرىلار ۋە ئوغرىلىق قىلماقچى بولغانلارمۇ ئىزچىلاردىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە سەھرادىكى كىشىلەر نامرات بولغاچقا، ئاساسەن يالاڭ ئاياق يۈرەتتى، قىش كۈنلىرى كىيگەن ئايىغىنى بىر ئامال قىلىپ بىر نەچچە قىش ئالماشتۇرماي كىيىشكە مەجبۇر بولاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى توپا يول بولغاچقا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىزلىرىمۇ روشەن پەرقلىنەتتى، شۇڭا تەجرىبىلىك ئىزچىلار بىر قېتىم كۆرگەن ئىزنى نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن ياكى نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ ئىزدەپ سىلىشتۇرۇپ تېپىۋالايدىكەن، چارۋىچىلار ئوۋچىلىق جەريانىدا ئوۋچىلىق

قوراللىرىنى تەدرىجىي ئىلغارلاشتۇرۇپ، يېقىنقى زاماندا قاپقاننى بارلىققا كەلتۈرگەن، قاپقان ئەتىۋارلىق ئوۋ قورالى ھېسابلانغاچقا قاپقانغا چۈشۈپ قالغان ئوۋنى باشقىلار ئېلىپ كەتسە كارى بولمايدىكەن، لېكىن قاپقاننى كۆتۈرۈپ كەتسە ئىزدەپ تاپماي قويمايدىكەن. ئاۋات ناھىيەسى مۇكەممەل يېزا ئىگىلىك ناھىيەسىگە ئايلانغان يېقىنقى دەۋرلەرگىچىمۇ چارۋىچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولغاچقا، يۇقىرىقى ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان بىر ئىشنى قىسقىچە بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

1970-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى چۈشتە بېشئېرىق بازىرىنىڭ كوچىسىدا دېھقانلار ۋە تىجارەتچىلەردىن بولۇپ بىر نەچچىمىز پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. بېشىغا تېرە قۇلاقچا، ئۈچىسىغا تېرە جۇۋا، پۇتىغا قارا پىيما كىيىۋالغان، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان 50 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى تۇيۇقسىزلا مېنىڭ چاپىنىمنىڭ يېڭىدىن ئاستاغىنە چەتكە تارتتى، ئاندىن مەن بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن كوچا يۈزىگە قاراشلىق 20 مېتىرچە نېرىدىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ: — بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ ئۆي ئىگىسىنى توناملا، — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل ئىلتىجا ۋە ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن سەل ھەيران بولغان ھالدا بۇ ناتونۇش كىشىگە ئۆي ئىگىسىنى تونۇيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىم ۋە نېمە ئىش بارلىقىنى سورىدىم، لېكىن ئۇ كىشى ئېنىق بىر نەرسە دېمەستىن، — باشقا مۇھىم ئىشىمۇ يوق، شۇ كىشى بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى، ئۆتۈنۈپ قالاي، خاپا بولماي چاقىرىپ بەرگەن بولسىلىكەن، — دەپ چىڭ تۇرىۋالدى.

— ئۆينى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرى كىرىپ كۆرۈشسىلە بولامدۇ، — دېدىم مەن ئۇ كىشىنىڭ يېلىنىشىغا پەرۋا قىلمىغاندەك.

— بىز تونۇشمايمىز، بىئەپ بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن، شۇڭا سىلە بىر ياردەم قىلغان بولسىلا...

ئۇ كىشى خېلى قائىدە-يوسۇنلۇق ئادەمدەك قىلسىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا خۇددى تېپىشماقتەكلا بىلىنىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماستىن ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپ چىقتىم، ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى سەل چەتكە ئېلىپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ تۇردۇم.

— مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدىگەنمىدىلە، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

— شۇنداق سىلىنى ئىزدەپ كەلگەن.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— باشقا ئىشىمۇ يوق، ھېلىقى قاپقاننى ئەپچىقىپ بەرگەن بولسىلا، مەنمۇ يولۇمغا ماڭسام.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆي ئىگىسى ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئالىقىنى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ (باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك): — ماڭسىلا، ئۆيگە كىرىپ گەپلىشەيلى، دېدى-دە، ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ ئۆيى تەرەپكە تارتتى، لېكىن ئۇ ئادەم بەك ئالدىرايتتىم، دەپ ئۆي ئىگىسىنىڭ چىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئاخىر ئۆي ئىگىسى قاپقاننى ئەپچىقىپ: — مەن بەك خىجىل بولۇپ كەتتىم، سىلىنىمۇ ئاۋارە قىلىپتىمەن، ماۋۇ ئاز بولسىمۇ توشقاننىڭ پۇلى، دەپ شۇ چاغدىكى باھا بويىچە بەش يۈەننى ئۇ كىشىگە سۇندى. ئۇ ئادەم ھېچقانداق ئاچچىقلانماي ياكى تاپا-تەنە قىلماستىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — پۇلنى يانچۇقلىرىغا سالسىلا، قاپقاننى ئېلىپ كېتەي، توشقان دېگەن جاڭگالدا بار دېدى ۋە قائىدە بويىچە خوشلىشىپ قاپقاننى كۆتۈرگىنىچە 30 مېتىرچە نېرىدا باغلاپ قويغان ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا بۇ ئادەمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراشمۇ يادىمىزغا كەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن مەن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ئۆي ئىگىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتسام نېرىدا تۇرغان ھېلىقى بىر نەچچەيلەنمۇ بۇ پاراڭغا داخىل بولدى، ئەسلىدە ئۆي ئىگىسى بىر نەچچەيلەن بىلەن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى (بېشئېرىقتا 70 كىلومېتىرچە كېلىدىغان) جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ ئالدىنقى كۈنى سەھەردە قايتىشىدا توغراقلىقتا قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بىر توشقاننى ۋە قاپقانىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىكەن، قاپقاننى ئېلىپ كەلگەن جايمۇ بېشئېرىق بازىرىدىن 60 كىلومېتىرچە كېلىدىكەن. پەرەز قىلىشىمىزچە، ئۇ ئادەم شۇ ئەتراپتىكى مالچى بولۇپ قاپقاننىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى ئاياغ ئىزى، ھارۋىنىڭ ئىزى، ئېشەكنىڭ ئىزىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىزدەپ بىر يېرىم كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ قاپقاننى تېپىۋاپتۇ. ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئىزچىلىق

www.uyghurkitap.com



ماھارىتىگە، ئەقىل-پاراستىگە، غەيرىتىگە، مۇلايىم ۋە قائىدە-يوسۇنلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتۇق.

ئاۋات ناھىيەسىدە ئىزچىلار توغرىسىدىكى مۇنداق ھېكايىلەر خېلى كەڭ تارقالغان، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھەر بىر يېزىلىرىدا (غورۇچۆل يېزىسىدىن ھوشۇراخۇن، بېشئېرىق يېزىسىدىن تۇردى ئاخۇن، تامتوغراق يېزىسىدىن ساۋۇت ئاخۇن ... قاتارلىق) داڭلىق ئىزچىلاردىن بىر نەچچىسى بولۇپ، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى 1990-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىر قىسىم دېلولارنى پاش قىلىشتا ئۇلارنى قەرەلسىز ھالدا تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

خەلق ئارىسىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل رازۋېدكا ماھارىتى بولغان ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى ھازىرقى زامان رازۋېدكا ساھەسىدىكى ئىزچىللىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشى بىلەن خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقتىن يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغانلار قالمىغان. ئاياغ كىيىملەر زاۋۇتلاردا تىكىلىپ ئۆلچەملىشىپ كەتكەن، يېزا يوللىرىمۇ ئاساسەن ئاسفالتلىشىپ ئىزلارنى ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئەنئەنىۋى ئىزچىلىق زامانىۋى ئىز قوغلاش ۋە ئىز ئانالىز قىلىش تېخنىكىسى بىلەن بىللە بەزى دېلولارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئىزچىلىق ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

## «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2-نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ-ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە-يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت-بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا-ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم-ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل-پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە

بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

E−mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# ئۈجمە

قۇربانجان ئابلىكىم

بۇ خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان 6 ـ ئايلاردىن باشلاپ ئىككى ئاي قايتا ـ قايتا پىشىپ داۋاملىشىدىغان، كۈز پەسلىدە خازان بولىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە، شاتۇت، ياۋا ئۈجمىدىن ئىبارەت، خەلقىمىز ئارىسىدا ئۈجمە خاس نام بولۇپ، مەسىلەن، قارا ئۈجمە كىتابى ئاتالغۇدا (تۇت سىياھ)، ئاق ئۈجمە كىتابى ئاتالغۇدا (ئۈجمە ئەبيەز) ياكى (تۇت سەفىيد)، شاتۇت كىتابى ئاتالغۇدا (تۇتى ھامىز)، ياۋا ئۈجمە كىتابى ئاتالغۇدا (تۇتى جەبەلى) دېگەن ناملار بىلەن رايونىمىزدىكى كىشىلەر تۇرمۇش ئادەتلىرىدە قىش، ياز ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن كېسەللىرىنى ياخشىلاش مەقسەتلىرىدە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى دورىلىرىنىڭ بىرى. ئۈجمە پىشقاندىن باشلاپ ئىستېمال قىلىشتىن باشقا ئۈجمىنىڭ ئۆزىنى، قۇرۇتقان قېقىنى، يىلتىزىنى، يوپۇرمىقىنى ئالاھىدە دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئاق ئۈجمىلەرنى بىۋاسىتە سايىدا قۇرۇتۇپ قاق قىلىپ ئىستېمال قىلىش، ئۈجمىلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدە ھالۋا ئېتىپ ئىستېمال قىلىش، ئۈجمىلەردە مەخسۇس شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش، ئۈجمىلەرنى شىرنە قايناتىپ (مۇزلىتىلغان مۇز سۈيىگە قېتىپ) ئىستېمال قىلىش، ئۈجمىلەرنىڭ سۈيىنى بەدەنلىرىگە سۈرۈش، ئۈجمىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قايناتىپ يۇيۇش، ئۈجمىنىڭ يىلتىزلىرىنى قايناتىپ ئىچىش، ئۈجمىنى ئىستېمال قىلغان ئۈچار ـ قۇشلارنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق تېرەتلىرىنى يۇمشىتىش، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنى ياخشىلاش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە جىنسىي

ئاجىزلىقلارنى ياخشىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ئومۇمىي بەدەنلىك زەھەرلىنىشنى تۈزىتىپ، ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، نېرۋا خىزمىتىنى ياخشىلاش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئومۇمىي بەدەن گۈزەللىكىنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈپ رەڭ پەيدا قىلىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ تېبابىتىمىزدە ھەممە خىللىرى ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. شاتۇتنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، قارا ئۈجمىنىڭ، ئاق ئۈجمىنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىمدا پىشقانلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، ئاق ئۈجمىنىڭ 1 - قېتىمدا پىشقانلىرىنىڭ ھۆل سوغۇق، يوپۇرمىقىنىڭ مۆتىدىل، يىلتىزىنىڭ ھۆل ئىسسىقتۇر.

**ئۈجمە شەربىتى:** پىشقان ئۈجمە سۇدا قايناتىلىپ، تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ. سۈيىگە 1:2 نىسبەتتە شېكەر قوشۇپ قايناتسا ئېلىنىدۇ.

**ئۈجمە شىرنىسى:** ياخشى پىشقان ئۈجمىلەرنى ئوبدان تازىلاپ، سۇدا چايقالغاندىن كېيىن بىر قاينىتىلىدۇ، ئاندىن خالتىغا ئېلىپ سىقىپ، تىرىپىنى ئايرىۋېتىلىپ، سۈيى سۇس ئوتتا قىيام بولغۇچە قاينىتىلىدۇ، شەربەت قىيام بولغاندا كۆپۈكلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئوت توختىتىلىپ، چوغدا قاينىتىلىدۇ، بۇ چاغدىمۇ كۆپۈكلەشسە، چوكىدا ئىلىغاندا يېپەك سۈزۈلسە قىيام پىشقان بولىدۇ.

**ئۈجمە ھالۋىسى:** مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىنى پاكىز ئادالاپ پاختا رەخت داكىغا ئوراپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىمىز، ئاندىن چىقىرىلغان سۈيىنى ئەلگەكتىن بىر قېتىم سۈزۈپ ئۆتكۈزىمىز. بۇ سۈزۈلگەن سۈيىنى قۇرۇق قازانغا قۇيۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىمىز، قاينىغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئۇن سېلىپ چالىمىز. قويۇق - سۇيۇقلۇقى بۇلماق ھالىتىگە كەلگەندە (سوزۇلۇشچان ھالەتكە كەلگەندە) ئۈجمە ھالۋىسى تەييارلانغان بولىدۇ.

**ئۈجمە گوسالغۇسى:** پاكىز مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىنى كۈن نۇرى چۈشىدىغان ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان جايدا بورا ياكى ياغاچ تاختاينىڭ ئۈستىگە تەكشى يايىمىز. بىر - ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈيمىز. تولۇق قۇرۇغاندىن كېيىن پاختا رەخت خالتىغا قاچىلاپ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ساقلىنىلىدۇ.

**تەبىئىي ئۈجمە گوسالغۇسى:** ئۈجمە تولۇپ مەي باغلاپ پىشقاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يەرگە چۈشۈپ قاق بولىدۇ. بۇنى پاكىز ئادالاپ پاختا رەخت خالتىغا قاچىلاپ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ساقلىنىلىدۇ.

ئاق ئۈجمىنى مۇۋاپىق ھالەتتە، پاكىزلىققا رىئايە قىلغان ئەھۋال ئاساستا مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلاپ چوڭ تەرەتنى نورماللاشتۇرىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ، سەپرانى پەسەيتىپ ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

ئاق ئۈجمىنى سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى قويۇلغۇچە قاينىتىپ، سەل قويۇلغاندىن كېيىن بىر كىلوگىرام قىيامغا 100 گىرام مىقدارى ئۇن نىسبەتلەشتۈرۈپ سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىس ئۆتكۈزۈپ قويدۇرماستىن يەنە قاينىتىپ قىيامى ناھايىتى ياخشى قويۇقلۇق ھالىتىگە كەلگەندە ئېلىپ مۇۋاپىق ھالەتتە ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. پۈتۈن بەدەنلىك زەھەرلىنىشنى تۈزىتىدۇ. بۆرەك ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ.

قۇشقاچنى ئاق ئۈجمە بىلەن بېقىپ ئۇنىڭ گۆشىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە قان ئازلىق، مېڭە خىزمىتىنىڭ ئاجىزلىقى، بۆرەك ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاق ئۈجمىنىڭ بىۋاستە سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى پۈتۈن بەدەنگە ياكى يۈز - كۆزلەرگە سۈرتۈپ بەرسە بەدەن، يۈز - كۆزدىكى ئاق تەمرەتكە، داغ، سەپكۈنلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. تېرىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، قۇرغاقلىقنى يوقىتىدۇ.

قۇرۇتۇلغان ئۈجمە قېقىنى (گوسالغۇ) 100 - 200 گىرامغىچە كۈندە ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ھەزىم ناچارلىشىش، ئومۇمىي بەدەن قۇۋۋەتسىزلىكى، جىنسىي ئاجىزلىق، مېڭە ئاجىزلىقىغا، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

شاتۇتنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە يۇتقۇنچاق

ياللۇغى، گال ئىششۇپلىش، نەپەس سىقىلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەم قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ.

شاتۇتنىڭ قېقىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. سەپراني پەسەيتىدۇ. قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ.

شاتۇتنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدىن 30 ـ 50 مىللىلىتىرغىچە كۈندە ئىككى ۋاخ تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلسا قاننى سۇيۇلدۇرۇش، قاندىكى مايىنى تۆۋەنلىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل يەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

شاتۇتنىڭ سۈيىنى ياكى قۇرۇتۇلغان قېقىنى مۇۋاپىق دەملەپ چىقىرىلغان تەمىنى غەر ـ غەر قىلىپ بەرسە، ئېغىز پۇراش، چىش مىلىكى ياللۇغى، ئاۋازى پۈتۈپ قېلىش، گال قىزىرىپ ئىششۇپلىش، ھەر خىل ئېغىز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

قارا ئۈجمىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا قان كۆپەيتىتىش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، رەڭ پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

قۇرۇتۇلغان قارا ئۈجمە قېقىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. قان كۆپەيتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۆرەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

قۇرۇتۇلغان قارا ئۈجمە 50 گىرام، قۇرۇتۇلغان ئاق ئۈجمە 30 گىرام، قۇرۇتۇلغان شاتۇت 20 گىرام ئېلىپ قايناق سۇغا دەملەپ ئىچىپ بەرسە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئاق ئۈجمىنىڭ پاكىز تازىلىۋېتىلگەن يىلتىزىدىن 50 ـ 100 گىرامغىچە مۇۋاپىق ئېلىپ قايناق سۇغا 15 مىنۇت چىلاپ قويۇپ ئاندىن ئۈچ ـ بەش مىنۇتقىچە قاينىتىپ چىققان سۈيىنى 30ـ 50 مىللىلىتىرغىچە تاماقتىن كېيىن ئىككى ۋاخ ئىستېمال قىلسا كونا پۇت ـ قول ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، كونا قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۈجمە يوپۇرمىقىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ مۇۋاپىق سۇدا قاينىتىپ تەمى چىقىرىلغاندىن كېيىن تىرىپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ قالغان سۈيىنى پاكىز قېلىن رەخت ياكى ماتا بىلەن سۈزۈپ، سۈزۈلگەن قىسمىدا كۆزنى يۇيۇپ بەرسە كۆز قىزىرىشىلىش، كۆز قىچىشىش، كۆز كۆرۈشى ئاجىزلاش، كۆز ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۈجمە يوپۇرماقلىرى، ئۈزۈم يىلتىزىدىن مۇۋاپىق ئېلىپ قاينىتىپ، پۇتنى يۇيۇپ بەرسە پۇت يېرىلىش، پۇت سېسىق پۇراش، پۇت تەرلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

# شور تۇز ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىنسانلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان، تۇز 1. شور تۇز، 2. تاش تۇز، 3. كۆل تۇزىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. شور تۇز ئاساسلىقى شورلۇق ئۈستى قۇم بىلەن قاپلانغان قۇرغاق يەرلەردە، ناتىريي، كالىي، ماگنىي، كالتسىينىڭ خلورلۇق بىرىكمىلەرىنىڭ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ تەبىئىتى ئىسسىق.

شور تۇز بىزنىڭ ئانا دىيارىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

چۈنكى بۇ ئورۇنلارنىڭ يەرلىرى قۇرغاق، ئاسانلا شورلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا شور تۇز بىزنىڭ شەرقىي قىسىم جايلىرىمىزغا ئاساسىي جەھەتتىن جايلىشىپ تارقالغان. شور تۇزنىڭ ئەسلىي ھالىتى قاتتىق، رەڭگى كۆل رەڭلىك، تەمى تۇزلۇق بولىدۇ.

**شور تۇزنى ئېلىش ئۇسۇلى:** شور تۇزنىڭ ئۈستىدىكى كىرەكسىز ئۆلۈك توپىلارنى، شادا چاتقاللارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، كەتمەن بىلەن تۇزنىڭ تۆۋىنى بوشىتىپ ئاندىن ئاستا قولىمىز بىلەن كۆتۈرۈپ ئايرىم بىر يەرگە قويىمىز. ئاندىن ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ چوقۇم قۇرغاق يەرگە قويۇشىمىز كېرەك، بۇنداق قىلىشىمىزدىكى سەۋەب شور تۇز نەم يەرلەردە تۇرسا ئۇنىڭ پايدىلىق بولغان تەركىبلىرى يوقىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**شور تۇزنى قاينىتىش جەريانى:** ئادەتتە شور تۇزنى قازانغا سۇ قويۇپ قاينىتىپ تىندۇرۇلىدۇ. سۇۋۇغاندىن كېيىن، سۈزۈك ئېرىتمىسى تۇزلۇق قاچىسىغا ئېلىپ قويۇپ، تاماققا تېتىتقۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

تۇزنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلەتكەندە بەزى كېسەللىكلەرنىڭ يەنى: پوقاق كېسىلى، كالتسىي كەملىك كېسەلى... قاتارلىق بىر قانچە خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ. يەنى: تاماق ئەتكەندە، تەم تەڭشىگەن ۋاقىتلاردا تۇزنىڭ كۆرۈنەرلىك رولى بار. يەنە تېخى سوغۇق يەلدىن بولغان قىچىشقاق، چىش ئاغرىش... قاتارلىق بىر قانچە خىل كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «تونۇر سالساڭ شور تۇزدا سال» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار. تونۇرنى شور تۇزدا سالغاندا ناننىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىللە ئىنتايىن سىڭىشلىك بولىدۇ. چىش ئاغرىقلىرى تۇزدا ئېغىزنى چايقاپ بەرسە شىپا قىلىدۇ. شور تۇزدىن پايدىلىنىپ يەنە «شوركاڭ» سالغان ۋاقىتتا بەدەندىكى ئىسسىق سوغۇق يەللىنى ھەيدەيدۇ. يەنە سوغۇقتىن بولغان ھەرخىل بەل ئومۇرتقىغا ئۆستىخان ئۆسۈش، بەل پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىش، رېماتىزم، پەي تارتىشىپ قېلىش... قاتارلىق ئورغۇن كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ.

شورتۇز يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھايۋانلارنىڭ كېسەلگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

شور تۇزنى قىش ۋاقتىدا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىغان سۇيىگە سېلىپ بەرسەك، قويلارنىڭ پېتى تۆكۈلىدۇ دەيدىغان كونا قاراش بار. تۇزنى ئىشلىتىش بىلەن بىللە يەنە مەنجىڭنى قوشۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەنجىڭ قويلاردا كۆپ مىقداردا پىت بولسا ئىشلىتىدىغان دورا بولۇپ ئۇنى تۇز بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى.

تۇزنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەن يەنە بىر خىل شەكلى بار بولۇپ ئۇ يۇملاق تۇزدۇر. بۇ تۇزنى قويلارنىڭ ئۇلىقىغا قويۇپ قويسا قويلارنىڭ تىلىنىڭ ئەت تىكەن بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى كالىلارغىمۇ ئىشلەتسە بولىدۇ.

تۇزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى تۇزنى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىغان سۇيىگە ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە قويلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. ھەم ھايۋانلارنىڭ سەمرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك 6- ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۇگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ــ 0991

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# تۇرالغۇ ئادەتلىرىمىز

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئۆزلىرى ئولتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى لايىقىدا تەڭشەش، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدەنگەن ھەم ئۆزىگە خاس بولغان ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئولتۇراق - تۇرالغۇ مۇھىتىنى بەرپا قىلغان، ھەتتا بىر قىسىم مەۋسۇملۇق تۇرالغۇلارنى ياساپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، چارۋىچىلىق، ئىش - ئەمگەك ۋە ئارام ئېلىش ئىشلىرىدا مۇۋاپىق پايدىلانغان. تۆۋەندە بىز ئوقۇرمەنلەرگە ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئىشلىتىپ كەلگەن مەۋسۇملۇق تۇرالغۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز:

## چېدىر

چېدىر — چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ پەسىل ئۆزگىرىش خاراكتېرىگە ئاساسەن كۆچۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇراشتۇرما ئۆيدۇر. چېدىر — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى چات ياكى چىت دېگەن سۆزلەرگە توخرى تىلىدىكى تۇرالغۇ، ئولتۇراق رايون، شەھەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «رى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆز بولۇپ، قەدىمدە «چاترى» ياكى «چىترى» دەپ ئاتالغان بولۇشى ھەمدە «چېتىپ ياسالغان ۋە ياكى چىتلاپ ياسالغان ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈشتىن بۇرۇن ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە ھايات كەچۈرگەن. ئەڭ دەسلەپكى چېدىر ئۆيلەر شاخ - شۇمبا، ياغاچ - بادرالارنى بىر - بىرىگە يۆلەپ چېتىپ قۇراشتۇرۇپ، ئۈستىنى قومۇش ياكى ئوت - چۆپلەر بىلەن چۈمكەش، ئەتراپىغا يوغان تاشلارنى يۆلەپ باستۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋر

ئەدەبىياتىدا چېدىر ئۆيلەرنىڭ شەكلى گۈمبەزسىمان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن، «تېلىلار قوشىقى»دا: «ئاسمان شەكىللىك چېدىرى»، «بۆكۇخان رىۋايىتى»دە: «... قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا قاملانجۇ دېگەن بىر جاي بار ئىكەن... كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شۇ ئىشىكتىن قارىسا دۆڭنىڭ ئىچىدە خۇددى ئوتاۋ (كىگىز ئۆي)گە ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر ئۆيگە بىردىن كۈمۈش سەگەنچۈكنىڭ ئېسىلغانلىقىنى... كۆرگىلى بولىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، چېدىر شەكىللىك تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ خىل كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئەجدادلىرىمىز چېدىردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغانىدى. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئەر كاراگۇلاندى ــ ئادەم ئۆزىگە چېدىر تىكتى ۋە ئۇنىڭغا كىردى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم، 284 ـ بەت) دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە چېدىر ھەرخىل ئىسىملار ئاتالغان بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «جاتىر ـ چېدىر» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 528 ـ بەت)، «جاجىر ــ چېدىر. ئوغۇزلار بۇنى ‹جاشىر› دەيدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 528 ـ بەت)، «كاراگۇ ـ تۈركمەنلەر چىدىرنى، كۆچمەنلەر قىشلىق ئۆينى ‹كاراگۇ› دەيدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 584 ـ بەت)، «خاننىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار ـ يامغۇردىن ساقلايدىغان يىپەك چېدىرى تىكىلدى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 263 ـ بەت) دېيىلگەن.

چېدىر ئۆينىڭ جازىسى ئاساسەن ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. ئاستىنقى بۆلىكىنىڭ دىۋارى رومبا شەكىللىك قىلىپ بىر- بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن كەرەگە ياغاچلاردىن تۈزۈلىدۇ. كەرەگە (ياغاچ پەنجىرە) ئىككى خىل بولۇپ، بىرى كەڭ كۆزلۈك پەنجىرە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل پەنجىرىلىك كەرەگە يۆتكەشكە يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن شامالغا چىدامسىز كېلىدۇ. يەنە بىرى، تار كۆزلۈك پەنجىرە بولۇپ، ئۇ يۆتكەشكە ئېغىر بولغىنى بىلەن شامالغا چىداملىق كېلىدۇ. چېدىر ئۆينىڭ ياغاچ پەنجىرىلىرى يىغىلىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، پارچە ـ پارچە قاناتلار رەتلىك كىرىشتۈرۈلۈپ ياسىلىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك «ئۇۋۇق» دەپ ئاتالغان سىلىق، ئىنچىكە ياغاچلار ئۇنىڭ بىر تەرىپى گۈمبەزسىمان يېيىلغان ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئۈستىگە چېگىلىدۇ. ئۇۋۇق ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «ئۇغ ــ ئوق، ئۇۋۇق، كىگىز ئۆينىڭ ئۇۋۇقى، تىرەك ياغىچى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 66 ـ بەت)، «سىرۇق ــ تىرەك، چېدىر تىرىكى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 495 ـ بەت) دېيىلگەن. ئۇۋۇقنىڭ يەنە بىر ئۇچى چېدىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى ھەم دېرىزىسى ھېسابلانغان يۇملاق تۈڭلۈككە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تۈڭلۈك چەمبەرسىمان ئېگىلگەن ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇۋۇقنىڭ بىر ئۇچى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاشۇ تۆشۈككە ئۇۋۇق تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى بۆلەك بىرلىشىپ گۈمبەزسىمان چېدىر ئۆي شەكىللىنىدۇ.

ياغاچ پەنجىرە بىلەن ئۇۋۇق ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ كاشايىپلار بىلەن مەھكەم چېگىلىدۇ. ياغاچ پەنجىرىنىڭ سىرتىغا رەڭلىك يىپلار ئارقىلىق بېزەلگەن چىغ تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «چىغ ــ چىغدان. چېدىردا ياشايدىغانلارنىڭ چىغدىن توقۇيدىغان پەردىسى. چىغ قومۇشتىن ئىنچىكە ۋە يۇمران بولىدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم، 177 ـ بەت) دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن گۈمبەز شەكلىگە كىرگەن بۇ ياغاچ جازىنىڭ ھەممە ئەتراپى كىگىزلەر بىلەن چۈمكىلىدۇ. بۇ كىگىزلەر ئۈچ خىل بولىدۇ. ياغاچ پەنجىرە ئۈستىگە ياپىدىغىنى «تۇغۇرلۇق»، ئۇۋۇق قىسمىنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغىنى «ئۈزۈك»، تۈڭلۈكنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغىنى «تۈڭلۈكلۈك» دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ بۆلەك كىگىز يۇڭ يىپلار بىلەن بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ چېگىلىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قۇرشاغ ـ قۇر، باغ، كاشا. ئاق قۇرشاغ ـ يۇڭدىن بەلباغقا ئوخشاش قىلىپ توقۇپ، كىگىز ئۆينىڭ چۆرىسىنى قورشاپ باغلاشقا ئىشلىتىدىغان باغ»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 607 ـ بەت) دېيىلگەن.

چېدىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئادەتتە ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى سەكسەن سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ ئىشىكنى ھاللىق ئادەملەر ياغاچتىن نەقىشلەپ ياساتاتتى، تۇرمۇش ئەھۋالى تۆۋەنرەك ئادەملەر كىگىزدىن پايدىلىناتتى. ياغاچ ئىشىك ئۈستىگە بېزەلگەن كىگىزدىن ھىلەڭزە تارتىلاتتى. چېدىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا (تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا) تاماق

پىشۇرىدىغان ئوچاق قويۇلاتتى. ئوچاققا تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوت قالاۋەرگەچكە، ئوچاقتىن ئىس چىقىپ چېدىرنىڭ يوپۇقى بولغان كىگىزلەر ئىسلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قۇرۇنچى — چېدىردا ياكى باشقا يەردە ئىسلىنىپ كەتكەن كىگىز» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 333 - بەت) دېيىلگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە چېدىرغا مۇناسىۋەتلىك «شۇنچىلىك جاپا تارتتىكى، ھەتتا كىگىز ئۆينى ئۆزى يۇدۇپ ماڭىدىغان ھالغا يەتتى»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 584 - بەت) دېگەن ماقالمۇ بار بولۇپ، بۇ ماقال جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچراپ، ئىلاجسىز قېلىپ، ھەتتا كىگىز ئۆينىمۇ ئۆزى يۇدۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇشتەك ھالەتتە تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ ئېيتىلغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يەنە تۆۋەندىكىدەك سۆز- جۈملىلەرمۇ ئۇچرايدۇ: «سىردىدى — شىرىدى. ئۇل كىزىر سىرىدى — ئۇ شىرداق شىردىدى، يەنى كىگىزنى تۈركمەنلەرنىڭ چېدىرنىڭ پەردىسىدەك ياكى كۆچۈش ۋاقتىدىكى يۆگەكلىرىدەك زىچ قىلىپ، پىششىقلاپ تىكتى»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 358 - بەت)، «ئاياگۇ — يان. چىدىرنىڭ يانلىرىمۇ «ئاياگۇ» دېيىلىدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 185 - بەت) «سەپىغ — چېدىرنىڭ ئېتىكى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 484 - بەت)، «ئارىغ — چېدىر يوپۇقى. بارسغانچە» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 86 - بەت).

چېدىر ئۆيلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ چېدىر ئۆيى تۆت قانات، ھال - ئوقىتى ياخشىراقلارنىڭ ئالتە قانات بولىدۇ، ئەڭ چوڭى ئون ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا تەخمىنەن 40- 50 كىشى سىغىدۇ.

ھازىر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چېدىر ئۆيلەردە ئولتۇرۇش بارغانسېرى ئازايماقتا.

## كەپە

مەۋسۇملۇق تۇرالغۇلارنىڭ يەنە بىرى كەپە بولۇپ، خەلقىمىز كەپىدىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئالاچۇ — ئالچۇق، كەپە» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 184 - بەت)، «ئەر ئالاچۇلاندى — ئادەم كەپە تىكتى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 284 - بەت) دەپ ئۇچۇر - مەلۇمات بېرىلگەن. كەپە پەقەت ياز كۈنلىرى ئېتىز - ئېرىقلاردا، كەگرى باغلاردا ۋە تاغلاردا يەرنىڭ ئۈستىگىلا ياسىلاتتى. ئەجدادلىرىمىز ئېتىز - ئېرىقلاردىكى كەپىنىڭ سالقىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنى شىمال تەرەپكە قارىتىشقا تىرىشاتتى. تاغلىق يەرلەردە بولسا كەپىنىڭ ئالدى پەسكە، كەينى ئېگىزگە قارىتىلاتتى. ئۆتمۈشتە كەپە ئۈچ بۇلۇڭلۇق ۋە پىرامىدا شەكىللىك ياسىلاتتى. كەپىنى ياساش ئۈچۈن دەسلەپ كەپە ياسايدىغان يەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوت - چۆپلەرنى تازىلاپ، تۈزلەپ ئاندىن چىڭدايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كەپىنىڭ قۇرۇلۇشنى باشلايتتى. ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى كەپىنى ياساش ئۈچۈن دەسلەپ يەرنىڭ ئۈچ بۇلۇڭىغا تۈۋرۈك ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئالتە خادىنى تىك ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى بىر - بىرىگە قوشۇپ باغلىغاندىن كېيىن ئۈچ بۇلۇڭ پەيدا بولاتتى. كەپىگە كىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى ئوچۇق قالدۇرالاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىنى شاخلار، ئاندىن قومۇش ياكى ئوت - چۆپلەر بىلەن ياپاتتى.

پىرامىدا شەكىلدىكى كەپە ياساش ئۈچۈن دەسلەپ كەپە ياسايدىغان يەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت خادا ئورنىتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى قىسملىرىنى بىر - بىرىگە قوشۇپ ئارغامچا بىلەن باغلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىنى ياپاتتى. تاغلاردا يامغۇر كۆپ ياغىدىغانلىقى ئۈچۈن كەپىنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن كىگىز يېپىلاتتى. ئېتىزلاردا ئادەملەر كەپىنىڭ ئۈستىنى يېپىشتا ئوت - چۆپلەردىن پايدىلىناتتى. يامغۇر سۈيى كەپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپا دۆۋىلىۋېتەتتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا: «كەپە بولسىمۇ ئۆيۈم بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم (بولسۇن)» دەيدىغان ماقال - تەمسىل بار بولۇپ، بۇ ماقال - تەمسىلدە ئېرى ۋە ئائىلىسى بار خوتۇننىڭ ھەر ۋاقىت كۆڭلى پۈتۈن بولۇپ، ھېچنېمىدىن غەم يېمەيدىغانلىقى، بىر ئايال ئۈچۈن ئائىلە ۋە ئەرنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان.

## ساتما

ساتما — خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان مەۋسۇملۇق تۇرالغۇلارنىڭ بىرى. قەدىمكى زاماندىكى ساتمىلار ئاساسەن يوغان، ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ مېۋىلىك باغلار، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقا زىرائەتلەر تېرىلغان ئېتىزلىقلار، چارۋا - ماللار كۆزەت قىلىناتتى. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ساتما — ساتما. كېچىسى باغنى

قورۇش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاراۋۇللۇق ساتمىسى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 564 ـ بەت) دەپ ئۈچۈر بەرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ساتما ياساشنىڭ ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، ساتمىلار كۆزلەك، يازلىق ساتما، قىشلىق ساتما دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە كۆزلەكنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئېگىزرەك جايلاردىكى مۇۋاپىق يەرگە تۆت دانە بادرا چوڭقۇر قېقىلىپ، ئۈستى قومۇش ۋە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلىپ قوغۇنچى، باغۋەن ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالنى كۆزىتىشىگە ئىشلىتىلەتتى.

ئەجدادلىرىمىز يازلىق، قىشلىق ساتمىلارنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ياسايتتى: ئاۋۋال تۆت بۇلۇڭلۇق يەر تەييارلاپ، بارلىق بۇلۇڭلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى مەھكەم ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغاچ لىملارنى جايلاشتۇراتتى. مەزكۇر لىملارنىڭ ئۈستىگە خادىلارنى تىزاتتى. خادىلارنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ ئوت ـ چۆپ، پاخاللارنى يېيىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سېغىز توپىنى تەكشى يېيىۋېتەتتى، ئاندىن توپىنىڭ ئۈستىنى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن سۇۋايتتى. ئۆگزىنى يېپىش ئىشلىرى تولۇق ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تۆت ئەتراپىنى ئېتىشنى باشلايتتى. ساتمىنىڭ ئەتراپىنى توسۇش ئۈچۈن دەسلەپ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوچۇق جايلارغا توغراق، سۆگەت بادرالىرىنى پۈتۈن پېتى ئۆزئارا چېتىپ ئورنىتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىك ئورنىتىلىدىغان جاينى ئوچۇق قالدۇرۇپ ساتمىنىڭ قالغان تەرەپلىرىنى بورا بىلەن يېپىۋېتەتتى. ئاندىن بورىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇۋېتەتتى. ياز كۈنلىرى ساتمىنىڭ ئىچى تىنجىق بولۇپ كەتكەندە ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە كۈندۈزى يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر تەرەپىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا كىچىكرەك پەنجىرە، تۆشۈك قالدۇرۇلاتتى. قىش كۈنلىرى ئۇنى يېپىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھەجمى ساتما ئىگىسىنىڭ خاھىشىغا باغلىق ئىدى. ھاللىق ئادەملەر ساتمىنىڭ ئىشىكنى ياغاچتىن ئەتتۇرسە، تۇرمۇشى تۆۋەنلەر بورا ياكى كىگىزنى ئىشلىتەتتى. ساتمىنىڭ سۇپىسىنى چىڭدالغان توپىدىن ياسايتتى، ساتمىنىڭ ئىچىدە ئىشىككە يېقىن بىر بۇلۇڭغا كېسەكتە ئوچاق سېلىناتتى. ساتمىنىڭ سۇپىسىنى ۋە ئوچاقنى كالىنىڭ ھۆل تېزىكى ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن سۇۋايتتى. سەۋەبى، بۇنداق سۇۋاق قۇرۇغاندىن كېيىن يېرىلمايتتى ھەم ئۇ يەرلەرگە قۇرت ـ قوڭغۇز قاتارلىق ھاشاراتلار كەلمەيتتى. ئوچاق تەرەپتىكى تامغا قاچا ـ قومۇچ تىزىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان تاختىبېشى ئورنىتىلاتتى. يەنە بىر تامغا كىيىم ـ كېچەك، خۇرجۇن قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان ياغاچ ئاسقۇلار بېكىتىلەتتى. توغراق ياغىچىدىن ياسالغان جاۋەن ـ ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپىلەر تىزىلاتتى. يەنە ساتمىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك كاسا، تەڭنە، سوغا، ئەلگەك، چىغرىق، چاق، سۇپرا ـ تاختا قاتارلىق بۇيۇملار قويۇلاتتى، ساتمىلاردا ئادەملەر مەۋسۇملۇق ئىشلىرىنى تولۇق ئاياغلاشتۇرغۇچە تۇراتتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ساتمىغا مۇناسىۋەتلىك «ساتمىدا قىلغان گەپنى سارايدا قىلغىلى بولماس» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار بولۇپ، بۇ ماقال ـ تەمسىلدە ھەر كىم زامان- ماكان، ۋەزىيەتكە قاراپ سۆزلىشى، ئاساسى يوق، ئەپقاچتى گەپلەرنى دېمەسلىكى ۋە تىڭشىماسلىقى كېرەك دېگەن مەنە ئىپادىلەنگەن.

### گەمە

گەمە ـ ئەجدادلىرىمىز پايدىلانغان مەۋسۇملۇق تۇرالغۇلار ئىچىدىكى يەرنى چوڭقۇر كولاپ ياسىلىدىغان يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «كەرەم ــ گەرەم، گەمە. يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تەلىدا» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 517 ـ بەت) دېيىلگەن. گەمە ئۇيغۇرلاردا سالقىنداش ئېھتىياجى بىلەن كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل بىناكارلىق سەمەرىسىدۇر. قەدىمكى دەۋرلەردە گەمىلەر يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كۈندۈزلىرى چىڭقىچۈش پەيتلىرىدە ئارام ئېلىشلاردا ئىشلىتىلەتتى. تارىخنامىلەردە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «قوچۇدا... يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، كىشىلەر يەرنى كولاپ ئۆي ياساپ ئولتۇرىدۇ. ئۆيلەر ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدۇ»، «ھويلا ئىچىدە يەر ئاستىغا چوڭقۇرلاپ كولانغان گەمىلەر بولۇپ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزلۈك ئارام ئېلىشلاردا پايدىلىناتتى»، «بۇ يەردە قار ـ يامغۇر ياغمايدىكەن، ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىكەن. ياز كۈنلىرى تومۇزدا ئاھالىلەر يەردىن ئورا (گەمە) كولاپ شۇ يەردە ياشايدىكەن» دېيىلگەن. دېمەك، گەمە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «گەمىدىمۇ ئالىم تۇغۇلۇر» دېگەن ماقال ـ تەمسىل كەڭ تارقالغان.

ئەجدادلىرىمىز گەمىلەرنى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھويلا ئىچىگە، دۆڭلەرنىڭ باغىرلىرىغا ھەم يانتۇ يەرلەرنىڭ قولايلىق بولغان جايلىرىغا كولاپ ياسايتتى.

گەمىنىڭ ئالدى تەرىپىنى (ئىشىك ئورنىتىدىغان قىسمىنى) كۈنگەي تەرەپكە قارايدىغان جايغا قىلىشقا تىرىشاتتى. سەۋەبى، گەمىنىڭ ئىچى يازدا سالقىن، قىش كۈنلىرى يورۇق ھەم ئىسسىق بولاتتى. ئادەتتە گەمە ئۆينىڭ ئالدى تەرىپى تۆۋەنگە قارىسا، كەينى يەرنىڭ ئېگىز تەردىپىگە، يەنى دۆڭگە قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەرنى تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىلدە قازاتتى. ئاندىن گەمىنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىش ئۈچۈن قېزىلغان جاينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش تۆت تۈۋرۈكنى مەھكەم ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆت ياغاچ لىمنى ئورۇنلاشتۇراتتى. مەزكۇر ياغاچ لىملارنىڭ ئۈستىگە خادىلارنى زىچ قىلىپ سالاتتى. بۇلاردىن باشقا گەمە ئۆينىڭ يان تەرەپلىرىدىكى ياغاچ لىملارنىڭ ئۈستىگىمۇ خادىلارنى زىچ قىلىپ تىزاتتى. مەزكۇر خادىلارنىڭ بىر ئۇچى ياغاچ لىملارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، ئىككىنچى ئۇچى يەرنىڭ ئۈستىدە يانتۇ ھالەتتە بولاتتى. خادىلارنىڭ ئۈستىگە ئاۋۋال بورا، ئاندىن قومۇش، كېيىن سامان سېلىنىپ، توپا بىلەن كۆمۈۋېتەتتى. بىر قىسىم گەمىلەرنىڭ ئۆگزىسى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قېزىۋېلىنغان جاينىڭ، يەنى كەلگۈسى ئۆينىڭ ئالدى ھەم كەينى تەرەپلىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئىككى تۈۋرۈكنى مەھكەم ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغاچ لىمنى جايلاشتۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياغاچ لىمنىڭ ئۈستىگە خادىلارنى توغرىسىغا زىچ قىلىپ تىزاتتى، خادىلارنىڭ ئۈستىگە ئاۋۋال بورا، قومۇش ھەم سامان بىلەن يېپىپ، ئاندىن توپا يېپىتۋېتەتتى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە 11 ـ ئەسىردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرالغۇلارنىڭ ئۈستىنى يېپىشنى «تەرۇسلادى — تورۇسنى ياپتى. ئۇ ئۆينىڭ تورۇسنى ياپتى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم، 453 ـ بەت) دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. گەمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئىشىكنىڭ ئورنى ئۈچۈن جاي قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمىغا كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇلاتتى. ھاللىق ئادەملەر گەمىگە كىرىپ ـ چىقىش جايىغا ياغاچتىن ياسالغان ئىشىكنى ئورناتسا، تۇرمۇشى ناچارلار بورا ياكى كىگىزدىن پايدىلىناتتى. كۈندۈزى گەمىنىڭ ئىچىگە يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ياكى ئۇنىڭ ئۇڭ، سول تەرەپلىرىگە پەنجىرە ئورنىتاتتى. گەمە ئۆينىڭ سۇپىسى چىڭدالغان توپىدىن ياسىلاتتى. گەمە ياز كۈنلىرى ناھايىتى سالقىن بولۇپ، ئىسسىق چىڭقچۈش پەيتلىرىدە ئارام ئېلىشقا تازا باب كېلەتتى. قىش كۈنلىرى گەمىنىڭ ئىچى مورا ئوچاق بىلەن ئىسسىتىلاتتى. شۇنداقلا مورا ئوچاقتىن باشقا گەمىنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى بىر بۇلۇڭا تا[illegible]ى پىشۇرىدىغان ئاسما ئوچاق بولاتتى. گەمىنىڭ ئۇچ[illegible] سۇپا ھەم تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلاتت[illegible] ئورۇن ـ كۆرپىلەر ھەم قاچا ـ قومۇچلار تاملاردىن ئويۇق چىقىرىلىپ، شۇ يەرگە تىزىلاتتى. بىراق قاچا ـ قومۇچلار ئۈچۈن ياسالغان ئويۇقلارنىڭ ھەجمى ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى تىزىدىغان ئويۇقلاردىن كىچىكرەك بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قاچا ـ قومۇچ تىزىدىغان ئويۇقلارنىڭ ئىچىگە ياغاچتىن تاختىيشىلارنى ياساپ قوياتتى. سۇپىنىڭ ئۈستىگە بورا، كىگىز سالاتتى. گەمە ياساش ئەرزان تۇختايتتى ھەم يىلنىڭ قايسى مەزگىلىدە بولسۇن ئۇنىڭ ئىچى بىر خىل راھەت بولاتتى. ئۇنىڭ ھەجمى ئىگىسىنىڭ خاھىشىغا لايىق بولاتتى، گەمىگە ئىشلىتىلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى بىلەن سۈپىتى ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزدە گەمە ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان ئىش ئاساسەن قالمىدى. ھازىر گەمىلەر پەقەت رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا سەي ـ كۆكتات ساقلاش ياكى ياز كۈنلىرى مۇز ساقلاش ئۈچۈن كولىنىپ ۋە شۇ ئىشلارغا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك ⑴» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەريي: «تۈركىي تىللار دىۋانى ⑶» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

③ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

④ ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 2 ـ نەشرى.

⑤ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

⑥ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

⑦ ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

⑧ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

⑨ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 12 ـ سانى.


(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەسى گۈللۈك يېزىسى ئاقتۇقاي كەنتىدە، دېھقان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# يەكەن ئەتلىسى

رىسالەتگۈل سەمەت ئەلرام

ئەتلەس ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەتلەستىن تىكىلگەن ھەر خىل كىيىملەر تارىختىن بۇيان خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ كەلگەن. يەكەن — قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزگىچە يەكەن ئەتلىسىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى رەڭ تۈرلىرى ۋە كىيىم نۇسخىلىرى خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، شۇڭا ئەجدادچانلىق روھىغا باي ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇنداق قىممەتلىك مەدەنىي مىراس ئەتلەس ۋە ئەتلەستە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قارىشىنى تەتقىق قىلىش، ئۆرنەك قىلىش — مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىڭ بىرىدۇر.

يەكەن ئەتلىسى — قەدىمدىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ كەلگەن بولۇپ، يەنە «بىلىشمان نۇسخا ئەتلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەكەن ئەتلىسىگە باشقا يۇرتلارنىڭ ئەتلەسلىرىدىكى گۈل - ئۆرنەكلىك ئېلېمېنتلارنىڭ بىر قىسمى كىچىكلىتىپ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ئۆزىگە خاس گۈل ئېلېمېنتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يەكەن ئەتلىسى بۇرۇندىنلا قارا، قىزىل، سېرىق، زەيتۇنى ۋە ئۇنىۋېرسال رەڭدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدە توقۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا ئەتلەسلەردىن ئەڭ چوڭ روشەن پەرقى شۇكى — گۈل يوللىرى ئەتلەس ئىچىگە ئۈچ يول ئىككى دەۋر، تۆت يول ئىككى دەۋر، بەش يول ئىككى دەۋر، تۆت يول ئۈچ دەۋر، يەتتە يول ئىككى دەۋر، تۆت يول تۆت دەۋر قىلىپ قاتار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ھەرقايسى يوللارنىڭ تەگلىك رېڭى ۋە گۈل رېڭى ئۆزگىچە پەرقلىق بولىدۇ، ئادەتتە كۆپ ھاللاردا قىزىل، قارا، ھال رەڭ، يېشىل، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ، ئومۇمىي بىر پۈتۈن تەكشىلىك كۆرۈنۈشتە ھەر بىر يولدىكى ھەر بىر گۈل گەۋدىسى تەشكىل قىلغۇچى گۈللەر ئۈچ قەۋەت جايلىشىدۇ.

يەكەن ئەتلىسىنىڭ ئۆزگىچە جۇلاسى كۆرۈنەرلىك، پەرقلىق، گۈللىرىنىڭ جايلىشىشى رىتىملىق، تەكشى، كىچىك ھەم زىچ بولۇپ، شەكىل ئۆزگىرىشى مول، ئۆزگىچە، رەڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە ئۆزگىرىشچان، شوخ كېلىدۇ. ياش ئاياللار ۋە ئۆسمۈر قىزلارنىڭ كىيىشىگە تازا باب كېلىدۇ، ئېنىق مەلۇماتلارغا ۋە ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، يەكەن ئەتلىسىنىڭ رەڭ تۈرلىرى ۋە گۈل شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنى قارا ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس ۋە قىزىل ئەتلەستىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر يېڭى نۇسخا دېيىشكە بولىدۇ.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# قومۇللۇقلارنىڭ كەشتە مەدەنىيتى

**يۇنۇس سادىق**

قومۇل دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللاردىن
بۇيان ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، قەيسەرلىكى ۋە چېۋەر
قوللىرىغا تايىنىپ ئۆزلۈكسىز روناق تېپىپ، گۈزەللىككە
ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك سەنئەت بىلەن يۇغۇ-
رۇلغان تۇرمۇش ئادىتى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل
قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمە-
لىيتى جەريانىدا كەشىپ قىلىنغان كەشتىچىلىكمۇ ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر كەسىپ سەنئىتى سۈپىتىدە بىر
خىل مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىپ، كەڭ ئومۇمە-
لاشقان ۋە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇ خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن
زوقلىنىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش ھەمدە تەبىئەت ۋە گۈل-
گىياھلارنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. كەشتىچىلىك-
نىڭ ھەر بىر ھالقىسى ۋە ئەڭ كىچىك ئېلېمېنتلىرىمۇ
رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە تەقلىدىي
شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ھەرقايسى دەۋرلەردە
ئىجاد قىلىنغان كەشتە گۈل نۇسخىلىرى تۇرمۇش ئېھتىيا-
جى بويىچە رەڭ، شەكىل، گۈزەللىك، رىتىم، تەرتىپ بو-
يىچە شۇ دەۋرنى ۋە شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىي ھالى-
تى، ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك ئېڭىنى روشەن ئىپادىلەپ
بەرگەن. قولى چېۋەر ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن
ھازىرغىچە توتېم سەنئىتىدىن ھازىرقى زامان سەنئىتىگىچە
بولغان ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيانقى كەشتە گۈل نۇسخىلى-
رى رەڭ ۋە ئېستېتىك جەھەتتىن زوقلاندۇرۇش ئالاھىدى-
لىكىگە ۋە ئۆزىگە خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئە-
كەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇئەييەن ئېتنولوگىيەلىك مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تېپى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت دائىرىسى، مە-
دەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ھەرقاي-
سى دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ مۇئەيي-
يەن شەكىل، نۇسخا ۋە ئۇسلۇب ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئىلگە-
رىكى ۋە كېيىنكى راۋاج تېپىپ مۇكەممەللىشىش، ۋارىس-
لىق قىلىش بىلەن ئىزچىللىقتا ۋە ئەنئەنىۋىلىكتە ئىگە بو-
لۇشتەك تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش جەريانىنى
بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىكىنىڭ كۆپىنچىسى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى تەبىئەت ئالەم،
گۈل-گىياھ قاراشلىرى، گۈزەللىككە بولغان تونۇشى، ئىن-
تىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش تەلپى بويىچە ھەمدە ئىش-
لەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مەنبە قىلغان ئاساستا
ئىجاد قىلىنىپ، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارا-بارا تاكامۇللىشىپ
دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن ئالايلى: قومۇل
ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى تاغلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئايال-
لىرىنىڭ ئۇزۇن چاپىنى، قويۇنلۇق ياندىن تۈگمىلىنىدىغان
قىسقا چاپانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يەڭ، ياقا، پەش ئېتەكلىرد-
گە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىلىرى ۋە يەڭ ياقا پەشلىرىگە
تۇتۇلغان چىلتەكلەر كىيىم-كېچەكلەرنى تېخىمۇ شاھانە
تۈسكە كىرگۈزىدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ دوپپا گۈل نۇسخىلى-
رى باللارنىڭ تەقىيى، پۆرمىلىرى، يوتقان بېشى،
يۇملاق ۋە تۆت چاسا ياستۇق، ئىشىك-دېرىزە پەردىلە-
رىدىكى كەشتە ۋە گۈل نۇسخىلىرى، ئويۇق بېشى ئاسمە-
سى، لۆڭگە، قول ياغلىق، پوتا (بەلباغ) ئەر-ئاياللارنىڭ
پايپاقلىرى، باللارنىڭ ئىشتانپايپاقلىرى قاتارلىق كىيىم-
كېچەكلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ
نۇسخىلىك، كۆپ قاتلاملىقتا، مەشغۇلات جەھەتتىن بولسا
قاتماللىقتىن خالىي ھالدا قولاي ۋە جانلىقلىقتا ئىگە بولۇپ
ئاددىي ۋە ئىخچام، شەرت-شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچ-
رىمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان، كەشتىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ
ھۈنەر-سەنئەت، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قول بىلەن ئاددىي
مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ئائىلىدە ئىشلەپچىقىرىشتەك چېۋەر
خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت خۇمار، ھۆ-
نەرگە باي، ئەقىللىق، تىنىم تاپماس روھىنى نامايەن
قىلغان، مۇشۇ جەھەتلەردە قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم-
كېچەك، كەشتىچىلىك مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا
مىللەتلەرگە قارىغاندا رەڭدارلىقى، ئۆزگىچىلىكى، ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى
ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا
ئېلىپ بېرىلغان 30 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش-
نىڭ تۈرتكىسىدە قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكى يامغۇردىن كېيىن-
كى بامبۇك نوتىلىرىدەك ھۆپپىدە ئېچىلىپ، تېز تەرەققىي
قىلىپ تۇرمۇشىمىزنىڭ قاتلام قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ
كىردى. بولۇپمۇ كىيىم-كېچەك، ئۆي بېزەكچىلىكىدە ئۆز
ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، شەھەر، يېزىلاردىكى ھەر-
قانداق ئۆيدە يوتقان-كۆرپە، ياستۇق، پەردە، لۆڭگە،
يىڭنە ئاسقۇچلارغىچە يۇرۇشلەشكەن كەشتە ئىشلىتىپ،
ئۆي ئىچىنى خۇددى يېڭىلا ئېچىلغان گۈللەر توپىغا
كىرىپ قالغاندەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەنزىرىنى
ھاسىل قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە قومۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇق،
قوراي، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، غەربتاغ ئاياللىرىنىڭ
كەشتىچىلىك بۇيۇملىرى رەڭدارلىقى جەھەتتە ئالدىنقى ئو-
رۇندا تۇرۇپ كەلدى. مەن 20-، 30 يىللىق جەمئىيەت
تەكشۈرۈش، ئىختىيارىي مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا بۇ
نۇقتىنى خېلىلا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ جەھەتتە تۆۋەن-
دىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن بۇ نۇقتىنى
تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرمەكچىمەن. 2007-يىلى 9-ئايدا
مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى
يۇرتى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت مىللەتلەر مۇزېيىنىڭ پىروفېسسو-
رى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈل كەشتىچىلىكى تەتقىقاتى
بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى قاتارلىق ئۈچ ئايالدىن
تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (ئۇلارنىڭ ئىسمى
ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ)، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
كۆرسىتىشى بىلەن بىۋاستە قومۇلغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قو-
مۇلدىكى پائالىيەت تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تېمىسى قومۇل
ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، گۈل كەشتە نۇسخىلىرىنى
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇناس-
ۋەتلىك رەھبەرلەر مېنى ئۇلارنى يېتەكلەپ، بارىدىغان
جايلارغا ئاپىرىشىمنى ئورۇنلاشتۇردى. لى پىروفېسسور
ماڭا بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ قومۇلغا كېلىش مەقسىتىنى چۈ-
شەندۈرۈپ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى. قومۇل ئۇيغۇرلىرد-
نىڭ كەشتىچىلىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن،



ئۆزگىچە خاسلىقىمۇ ئىگە رايونلارنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ قومۇل قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، سىيدام كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئازراق، ھەر خىل گۈل، قۇش، ھايۋانات نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىم-كېچەك تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، كىيىم-كېچەكتىن باشقا، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم كەشتىچىلىكى، ئوردا، ساراي ۋە ئۆي ئىچى بېزەكچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، بېيجىڭ خانلىقلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى، كىيىم-كېچەك گۈل نۇسخىلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك تۈرلىرى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ئۆزگىچە پارلاق مىللىي كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، بۇنداق گۈزەللىك، كۆپ قىرلىق مىللىي مەدەنىيەت سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل قاتلىمىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ كەشتىچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ قاراپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىۋاسىتە قومۇلغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتى. مەن لى پروفېسسور قاتارلىقلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارنى قومۇلدىكى كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر، قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ھەم بۇ يېزىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك قومۇل ئۇيغۇر كەشتىچىلىك ۋارىسى ھەجەرخان سەمەت ئائىلىسى، قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ تۆمۈرتى، قوراي قاتارلىق جايلاردىن قومۇلغا كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئائىلىلەرگە باشلاپ باردىم. ئۇلار يەنە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر مۇزېيىغا ئۇلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن كىيىم-كېچەكلىرىنى سېتىۋېلىپ، مۇزېيغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا تەتقىقاتچى خۇيزۇ ئايال قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ سەرخىللىقىنى، تۈرىنىڭ ھەر خىل، قەدىمىيلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا: مەن جەنۇبىي جۇڭگو، خاڭجۇ، سۇجۇ، ئىچكى موڭغۇل كەشتىچىلىكى ئۈستىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانىدىم، لېكىن قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكى ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن. بۇ بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەن، — دەپ قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. بۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ قومۇللۇق بولغانلىقىمدىن ناھايىتى پەخىرلىك ھېس قىلغانىدىم. ئۇلار قومۇل شەھەر ئىچى مەدەنىيەت پونكىتىغا قويۇلغان قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ 6-ئەۋلاد ۋاڭى ئەردىشىرنىڭ خانىشىنىڭ يىپەكتىن توقۇلغان ھاۋا رەڭ يېشىل گۈللۈك تۈز كۆڭلىكىنى 3500 يۈەنگە، 8-ئەۋلاد ۋاڭ مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ چوڭ گۈللۈك چاپىنىغا تەقلىد قىلىپ گۈل كەشتىلىنىپ تىكىلگەن چاپىنىنى 2500 يۈەنگە سېتىۋالدى. يەنە تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى، قوراي، نېرناسى قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىن قومۇلنىڭ ئاقار ئېچىش رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن دېھقان، چارۋىچىلار ساقلاپ قويغان كونا پاسوندىكى قويۇنلۇق كالتە، ئۇزۇن، ئەر-ئايالچە چاپان، كۆڭلەك، پايپاق، تەقى قاتارلىق قەدىمىي كىيىم-كېچەكلەردىن ئون نەچچىنى سېتىۋالدى، بۇ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىچى يىللىرىغا تەۋە بولۇپ، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





خىلىلا يۇقىرى سۇپەتلىك يىپەك، كىمخاب، دۇخاۋا،
مەخمەل، ماتا قاتارلىق گەزمال، توقۇلما رەختلەردىن
ئىشلەنگەن بولۇپ، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پۈتۈن يۈزىدە
گۈل-گىياھلار، سۇمۇرغ، توز، قارلىغاچ، كېپىنەك قاتار-
لىق قۇشلارنىڭ سۈرەت نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ، پەش،
يەڭ، ياقىلىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى مەشۇت يىپ، كالا-
تونلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن چىلتەكلەر
تۇتۇلغانىدى. ئۇلار يەنە دۆلەت دەرىجىلىك قومۇل
ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ۋارىسى ھەجەرخان سەمەتنىڭ قولدا
ئىشلىگەن ھەرخىل ئەر-ئايالچە، باللار كىيىم-كېچەكلە-
رى، باش كىيىم، ئاياغ كىيىملىرى، يوتقان، كۆرپە،
ھەرخىل ياستۇق، پەردە، ئۆي زىننەت بۇيۇملىرى قاتار-
لىق كەشتە بۇيۇملىرى قويۇلغان كۆرگەزمىخانىسىغا كىرىپ
كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جۇلالىنىپ تۇرغان كەشتە بۇيۇملە-
رىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. ئىش-
قىلىپ بۇ ئۆيدە ئۇيغۇرلارغا كىرەكلىك كەشتە بۇيۇملىرد-
نىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىنى، گۈللەرنىڭ ئويۇقچە نۇسخىلە-
رىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولاتتى. مانا بۇ ئۆي قومۇل
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي بېزەك كەشتىچىلىكىنىڭ كىچىكلىتىل-
گەن كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇلار ھەجەرخاننىڭ كۆرگەزمە
ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىگە قو-
يۇلغان نەپىس كەشتىلەنگەن ئايالچە دوپپىغا كۆزى
چۈشتى. ئۇلار دوپپىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ھەققەتەن
ئېسىل نەپىس كەشتىلىنىپتۇ دەپ باھا بەردى. باھاسىنىڭ
5000 يۈەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ 3500 يۈەنگىچە
تالاشتى. قومۇل كەشتىچىلىكىنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان ھە-
جەرخان سەمەت ماڭا: ئۆز كۆڭلۈمدىكى سۆزۈمنى
ئېيتسام، بۇ دوپپا جۇڭگولۇقلارغا 5000 يۈەنگە، چەت
ئەللىكلەرگە 10 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدۇ. لېكىن ئاغزىمدا
ساتىمەن دېسەممۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دوپپىدىن
يەنە بىرنى مۇشۇنداق نەپىس تىكەلىشىم ناتايىن. چۈنكى
ھازىر يېشىم چوڭىيىپ، قوللىرىم بارغانسېرى قېتىپ كېتىۋا-
تىدۇ. شۇڭا ئەمەلىيەتتە بۇ دوپپىنى ساتماستىن ئۆزۈمنىڭ
ئۇزاق يىللىق كەشتىچىلىك ئەمگىكىمنىڭ شېرىن مېۋىسى
دەپ قاراپ، ئۇنى سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلاپ
قوياي دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى. بۇ ئايالچە دوپپا
ئەسلى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ 8- ئەۋلاد ۋاڭى مېھرىبانۇ
چىڭۋاڭ فۇجىنىڭ خېنىمىنىڭ (تۇڭجىنىڭ 6-يىلىدىن گۇاڭ-
شۈنىڭ 8-يىلى مىلادى 1867-يىلىدىن 1882-يىلىغىچە)
دوپپىسىغا تەقلىد قىلىنىپ ئىنچىكە لايىھەلىنىپ، ئۈچ ئاي
ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ تىكىلگەن دوپپا ئىدى. دوپپىغا قارا
دۇخاۋا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، چەشمە گۈللىرى، چوڭ
مودەن گۈللىرىگە 100 خىلدىن ئارتۇق مەشۇت ۋە چەتمە
يىپ ئىشلىتىلگەن. دوپپىنىڭ تۆۋىسى يوغان، كىزىكلىرى
كەڭ، توقۇشلىرىغا كالوتۇن تۇتۇپ ئوڭ ئالدى تەرىپىگە
يېشىل ياقۇت كۆزلۈك موخازا تاقالغانىدى. دوپپىنىڭ
تېگى بىلەن گۈل يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى، گۈل بەرگىلە-
رىنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن روشەن پەرقلەن-
دۈرۈلگەچكە دوپپىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئا-
شۇرغانىدى.

لى پروفېسسور قاتارلىقلار قومۇلدا تۇرغان ئۈچ
كۈن ئىچىدە نۇرغۇن كەشتىچىلەر ۋە قومۇل ئۇيغۇرلىرد-
نىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، قو-
مۇلنىڭ كەشتىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى تېز ئىكەنلە-
كىنى جەزملەشتۈرۈپ، بۇ قومۇلنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى
كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى ئە-
كەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن
قومۇل كەشتىچىلىكىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭدارلىقى،
گۈزەللىكى، قەدىمىلىكى، كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ نەپىسلە-
كى، يەرلىك خاسلىقى، ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولۇشتەك ئا-
لاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلىلا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىكەن-
لىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا كەش-
تىچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىۋاستە ئىجادىيەت ئەمگەكلە-
رىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۈزەللىكتىن زوقلە-
نىش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قومۇل كەشتىچىلىكىنىڭ ھەر بىر قاتلاملىرىنىڭ
راۋاج تېپىپ گۈللىنىشلىرى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ
ئالمىشىشى رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بولۇپ، دەسلەپ-
تە تەقلىدىي شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ھەرقايسى
دەۋرلەردە ئىشلەنگەن كەشتە بۇيۇملىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر
كەشتىچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى
ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن
باغلاپ كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، قەدىمكى زامانلاردا
ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس
قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى تەبىئەتتىن بىر

منۇتمۇ ئايرىلمىغان. شۇڭا ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققـ
يات جەريانىدا تەبىئەتتىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ يايلاق ۋە
سۇ قوغلىشىپ ياشاشتەك تۇرمۇش ئادىتى، تەبىئىي ھالدا
تەبىئەتتىن ئايرىلالماسلىق، گۈل- گىياھلارغا ھېرىس
بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە
ئۇلارنىڭ چەكسىز تەبىئەت، گۈزەل گۈل- گىياھلارغا
بولغان ھېرىسمەنلىكى كەشتە ئارقىلىق كىيىم- كېچەك،
ئۆي بىساتلىرىدا تولۇق ئەكس ئېتىپ، ئۆز ئىپادىسىنى
تاپقان. مەسىلەن، ئالايلى: قىز- چوكانلارنىڭ گۈللەرگە
قىزىقىشى، قۇلاقلىرىغا گۈل قىسىشى، چىرايلىق گۈللۈك
دوپپا كىيىشى، گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىشى، ئۆي
ئىچىنى بېزەپ، گۈللۈك كىگىز سېلىش، تام- تورۇسلارغا
نەقىش چېقىرىشتەك ئادەتلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭغا
يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈپ كۆرەيلى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ
كاڭشى يىللىرى (مىلادىيە 1697- يىلى) سېلىنغان قومۇل
ھېيتگاھ مەسچىتى تورۇسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئويما
نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن سېۋەت بېشى گۈللۈك 108 دانە
ياغاچ تۈۋرۈك ۋە تورۇستىكى تاختايلارغا چۈشۈرۈلگەن
كۆپ خىل گۈل نۇسخىلىرى، مەسچىت ئىچى تاملىرىغا بىر-
بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تۈرلۈك شەكىل ۋە نۇسخىدىكى
گۈل نەقىشلىرى سىزىلىپ، مەسچىت ئىچىنى كۆركەملەش-
تۈرۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ-
نىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرىمۇ كەشتە-
چىلىككە ئوخشاشلا گۈزەل سەنئەت سۈپىتىدە رەسساملىق
سەنئىتى بىلەن ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن
باشقا قومۇل ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا قومۇل ۋاڭلىرى-
نىڭ 7- ئەۋلاد ۋاڭى مۇھەممەد بىشىر چىڭۋاڭنىڭ يېشىل
گۈمبىزى سېلىنغان بولۇپ، ئادەتتە بۇ گۈمبەز «چىنە
گۈمبەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۈمبەزنىڭ گۈللۈك ۋە گۈلسىز
پىششىق كاھىشلىرىنىڭ سىرتقى يۈزى خۇددى جانان چىنە-
دەك پارقىراق ھەم سىپتا ياسالغان. گۈمبەز ئىچىگە چېكىل-
گەن ھەر خىل گۈل نەقىشلەر چىنە گۈمبەزنىڭ ھۆسنىگە
ھۆسن قوشۇپ تېخىمۇ چىرايلىق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسىتى-
دۇ. چىنە گۈمبەزنىڭ بەرپا قىلىنغىنىغا گەرچە 200 يىلدەك
ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، گۈمبەزگە ئىشلىتىلگەن كاھىش-
لارنىڭ گۈل نەقىش، رەڭلىرى ھازىرغىچە ئەسلىي رەڭگە-
نى ئۆزگەتمەي ئەينەن ساقلىنىپ تۇرماقتا، قومۇل ۋاڭلى-
رى قەبرىستانلىقىدىكى مەسچىت، چىنە گۈمبەز، ئەردىشىر-
ۋاڭ مۇنارى، شاھ مەخسۇت ۋاڭ مۇنارى ۋە تەيجىلەر
مۇنارى قاتارلىق 200، 300 يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، قۇ-
رۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ رەڭلىك گۈل نە-
قىشلىرى، تام نەقىشلىرى دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىي
قىممىتى، رەڭگى ۋە ئەينەنلىكىنى يوقىتىپ قويماي ھازىر-
غىچە ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخ-
قا ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇملىدىن قومۇلنىڭ يانبۇلاق، قارا
دۆۋە قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قې-
زىلما بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ
كەشتىچىلىك ھۈنەر- سەنئىتىنىڭمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
دەۋرلەردىلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا قومۇلنىڭ بارىكۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق
جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم بۇيۇملاردىنمۇ (بۇ
جايلارنىڭ نەملىك دەرىجىسى يۇقىرىراق بولغانلىقتىن ھەم-
دەپنە بۇيۇملىرى چىرىپ ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىيالمى-
غان) چەشمىچىلىككە ئائىت پاكىتلار بار. مەيلى قەدىمكى
زاماندا بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ئۇيغۇرلار-
نىڭ كەشتە بۇيۇملىرى ئىشلىتىلىش يوللىرى كۆپ خىل،
كەشتىلەش ئۇسۇلى ھەر خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە. كەشتە بۇيۇملىرى ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش
ئېھتىياجى، تۈرلىرى ۋە كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ ماتېرىياللىرى
كەشتىلەش تېخنىكا مەشغۇلاتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ
كۆپ خىللىقتا، كۆپ خىل شەكىلگە، رەڭدارلىقتا ئىگە.
قومۇل ئۇيغۇرلىرى كۆپرەك ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان گۈل
نۇسخىلىرى نىلۇپەر، مودەنگۈل، ئانارگۈل، شاپتۇل چې-
چىكى، ئەتىرگۈل، جۇخار گۈل، غۇنچە چېچەك، سۇمۇ-
رۇغ، توز، بۇلبۇل، كەپتەر، قۇشقاچ، قارلىغاچ، كېپىنەك،
ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر، شاپتۇل، قوغۇن- تاۋۇز، قارىغاي،
ئارچا، كاۋا، قاپاق، غانجۇغا، قۇياش، ئاي، گۈمبەز،
مۇنار، رومبا، ھەرە چىشى، لوڭقا، يۈرەك، بۆرەك، ئوقيا
قاتارلىق شۇ دەۋر خەلقلىرى ياخشى كۆرگەن تەبىئەتتىكى
گۈل- گىياھلار، قۇش، ھاشارات، ئاسمان جىسىملىرى قا-
تارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بىر قىسىم
ئاقسۆڭەك، بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، ئەۋلادلىرىلا
ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان ھايۋان، قۇش، ھاشاراتلارنىڭ
نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىم- كېچەكلەرنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈپ كېيىشكە ئادەتلەنگەن. تەتقىقات نەتىجىلىرى
شۇنى ئىسپاتلىدىكى مەيلى قەدىمكى زامان كەشتىچىلىكى
بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان كەشتىچىلىكى بولسۇن
ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى، تەرەققىياتى شۇ دەۋر خەلقلىرى-
نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ھەر بىر دەۋرلەردىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
شى، رەڭدارلىقى، تەرەققىيات جەريانى قاتارلىق ئەھۋال-
لارغا قاراپ شۇ دەۋر خەلقىنىڭ گۈللىنىش ئىچىدە خاتىر-
جەم تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش ۋەيرانچىلىقى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغانلىقى-
نى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئىن-
سانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامى-
دا ياراتقان بارلىق ماددىي بايلىقلار ۋە مەنىۋى بايلىقلار-
نى كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ
ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇ مىللەت ھېسسىياتىنىڭ
مۇجەسسەملىنىشى بولۇپ، ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى
ۋە ئىنتىلىشىنى نامايان قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىك مەدەنىيىتى ئىنسانلار-
نىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان
ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى
ۋە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بىر قاتلىمى سۈپىتىدە تېخىمۇ
گەۋدىلىنىدۇ، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش شۇ مىللەتنى
جاھانغا تونۇشتۇرغانلىق بولۇپ، ئۇلار ياراتقان مەيلى
كەشتىچىلىك مەدەنىيىتى، مەيلى قومۇل مەشرەپلىرى
بولسۇن، قومۇل مۇقاملىرى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى قاتارى-
دا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلۈپ دۇنياغا
يۈزلىنىدۇ ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇلىدۇ. 2013-يىلى 21-
مارت نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قومۇلدىكى كەش-
تىچىلىك جەمئىيەتلىرى ۋە شەخسلەر ئۆزلىرى ئىشلىگەن
مىڭدىن ئارتۇق كەشتە بۇيۇملىرىنى قومۇل مۇزېيىدا كۆر-
گەزمىگە قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى دوپپىنى مىسالغا
ئالساق ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرىلا بىر نەچچە ئون
خىلغا، مىقدارى بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. قومۇل ئۇيغۇر
دوپپىلىرىنىڭ گۈللىرىنىڭ كەشتىلىنىشى، تىكىلىشى،
رەڭگى، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، تۇرپان، قەشقەر،
يەكەن دوپپىلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كۆزنى
قاماشتۇرىدىغان نەپىس ئىشلەنگەن بۇيۇملار نورۇز ئەھلى-
نى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر-
سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، قومۇل كەشتىچىلىكىنى دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، كەشتە مەھسۇلاتلىرىنى خەلق-
ئارا بازارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىكى
ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى ۋە خاسلىقى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچى-
لىك مەدەنىيەت سەنئىتىدە جۇلالىنىپ تۇرغان سەنئەت بۇ-
يۇمى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان نۇرلۇق مەرۋا-
يىت ھېسابلىنىدۇ، كەشتىچىلىك بىر قانچە ئەسىرلىك تە-
رەققىيات ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانىدا دەۋ-
رىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زامانى-
ۋى كەشتىچىلىك ئۇسكۇنىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بولۇپ-
مۇ يەن-تېخنىكا، ئەسۋاب-ئۇسكۇنىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلى-
شى، ئۇيغۇر كەشتىچىلىك ساھەسىدە كەڭ قوللىنىشى نەتى-
جىسىدە ئۇيغۇر كەشتىچىلىك تەرەققىياتى غايەت زور نەتى-
جىلەرگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ
كىردى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ
قومۇل كەشتىچىلىكى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى،
تاغلىق رايونلاردىن تارتىپ قومۇلنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىغى-
چە كەشتىچىلىك ھەممە ئائىلىلەرگە كىرىشكە باشلىدى،
قولى گۈل خوتۇن-قىزلارنىڭ ھەممىسى قولىغا يىپ-يىڭنە
ئېلىپ ئۆي بېزەكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.
كەشتىچىلىك ئۇستىلىرى كۆپلەپ شاگىرتلارنى تەربىيە-
لەپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدىغان يېڭى كەيپىيات شەكىللەن-
دى، نۆۋەتتە قومۇل كەشتىچىلىكى ھەمكارلىشىش، كۆلەم-
لىشىش، بازارلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىپ، يېزا-بازار، نا-
ھىيە (شەھەر)لەرنى بىرلىك قىلغان كەشتىچىلىك جەمئىيەتلى-
رى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى 10 مىڭ ئائىلىدىن ئېشىپ، كەش-
تىچىلىك قومۇل ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈ-
رىدىغان ئەۋزەل كەسىپ بولۇپ قالدى. مۇشۇ نۇقتىدىن
ئېيتقاندا، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىك مەدەنىيەت-
سەنئىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول،
شەكلى رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتى
ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

ئادىل مۇھەممەد يازغان «قەدىمكى قومۇل» دېگەن كىتاب-
نىڭ 101-بېتى، 116-بېتى ۋە 120-بەتلىرى.

(ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)



# ئۆزبېك مىللىتىنىڭ نىكاھ، توي ئادەتلىرى

**ئابدۇمۇتەللىپ ئارۇپ**

توي - تۆكۈن كىشىلەرنىڭ ئەركىن، خاتىرجەم، ساددا - بىغۇبار دەۋرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە ھۇجەيرىسى بولغان ئائىلىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. تويدىكى نەغمە - ناۋالار، سۆز - ھەرىكەتلەر رېئال تۇرمۇش ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھايات دېڭىزىنىڭ شاۋقۇنلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ شاۋقۇن ئىچىگە ھەر خىل خۇشاللىق كۈلكىلىرى، ھېسداشلىق، تەبرىكلەش سادالىرى بىلەن توي جەريانىدىكى ئالدىراشچىلىقلار، تالاش - تارتىشلار، مېھمانلارنىڭ توي ئىگىسىگە، توي ئىگىسىنىڭ مېھمانلارغا بولغان مۇئامىلىلىرى، تويغا كەلتۈرۈلگەن سوۋغا - سالاملار، قىز كۆچۈرۈش جەريانىدىكى دەبدەبىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى، تۇرمۇشتىكى ئورنى، ئىقتىسادىي شارائىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئەكس ئېتىدۇ. توي - تۆكۈن پائالىيىتى يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئالاھىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توي - تۆكۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىقتىسادىي شارائىتى، تۇرمۇشتىكى ئورنى، مۇناسىۋەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

توي سورۇنى جەمئىيەتنىڭ ئىخچاملاشقان كۆرۈنۈشى بولۇپ، مۇشۇ كىچىككىنە سورۇندىن پۈتكۈل جەمئىيەت ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدا نىكاھ توي مەرىكىسىدە قىز تەرەپكە قارىغاندا ئوغۇل تەرەپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان، ئوغۇل ئۆيلەندۈرۈشكە قارىغاندا قىز

uyghurkitap.com



چىقىرىش قىيىنراق يەنى قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە قارى-
غاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپرەك چىقىم قىلىدىغان
ئىشلار بولغاچقا، قىزى بار ئائىلىلەر قىزى باشلانغۇچ
مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ قىزنىڭ تويلۇق تەييارلىقىنى
باشلايدۇ. بۇ قائىدە ـ يوسۇن ئۆزبېكىستاندا ھازىرغىچە
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقاندىن تاشقىرى قىزنىڭ توي تەييارلىقى
يەنىمۇ ئېغىرلاشماقتا. ئۆزبېك خەلقىدە خوتۇن قويۇش،
ئېرىدىن ئاجرىشىدىغان ئىشلار تولىمۇ كەم ئۇچرايدۇ.
ئۆزبېك خەلقى خوتۇن قويۇش، ئەردىن ئاجرىشىشنىڭ
يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئائىلىدە قىز ـ ئو-
غۇلغا بولغان تەربىيەنى باللىقىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ،
چوڭلارنىڭ ئالدىنى بېسىپ ئۆتمەسلىك، سۆزگە قوشۇق
سالماسلىق، چوڭلارغا سۆز قايتۇرماسلىق، سۆزنى بۆل-
مەسلىك، چوڭلارنىڭ بەرگەن تەربىيەسىنى توغرا قوبۇل
قىلىش، چوڭلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە
قىلىش، سالام ـ سەھەتلىك بولۇش، يالغان سۆزلىمەي
راستچىل بولۇش، ئايىقى يەڭگىل بولۇش، يۈرۈش ـ تۇ-
رۇشتا چاققان، چەبدەس، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش
جەھەتلەردە خېلى ئوبدان، مۇكەممەل تەربىيەگە ئىگە قىل-
غاندىن باشقا، قىزلارغا ئۆي ئىشى، ئاش ـ تاماق، ھەر
خىل پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇش، مۇراببالارنى قايناتىش،
ئۆي تازىلاش، كىر ـ قات يۇيۇش ۋە دەزماللاش قاتارلىق
بىر قاتار ئىشلارنى پىششىق ئۆگىتىدۇ. شۇڭا قىزلار توي
قىلىپ بارغان جايىدا قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ
تەلىپىدىن تولۇق چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ ئېرى-
دىن ئاجرىشىش ئىشلىرى يۈز بەرمەيلا قالماي، قىز ئۇ
ئۆيگە خۇددى قومغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كېتىدۇ.
ئۆزبېكلەر ئوغۇللىرىنىمۇ كىچىكىدىن ئۆي ئىشلىرى ۋە
باغىۋارلىق، ھويلا ـ ئارامنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا
ئىنچىل سېلىپ ئىشقا پىشۇرغاندىن باشقا، سودا ـ سېتىق
ئىشلىرىغا سېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سودا-سېتىق ئىش-
لىرىنى قىلالايدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، كەمتەر،
سىلىق ـ سىپايە، رەسىم ـ قائىدىلىك قىلىپ تەربىيەلىگەچ-
كە، ئوغۇللار ئۆيلەنگەندىن كېيىن قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىغا،
ئايالىغا ۋە ئايال تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بولغان
مۇئامىلىسى تولىمۇ ياخشى بولغاچقا ئايال بىلەن ماجىرال-
شىدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيدۇ، شۇنداقلا ئەر ـ ئاياللار
ئاجرىشىدىغان ئىشلار چىقمايدۇ.

ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدا ئوغۇللارنى ئۆيلەندۈرۈش،
قىزلارنى ياتلىق قىلىش ئىشلىرىنى ئۆز زامانىسىدىن
تارتىپ يېقىنقى زامانغىچە (ئۆزبېكىستانلاردا ھازىرغىچە)
ئاتا ـ ئانا بەلگىلەيدىغان ئىش داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۆز-
بېكلەر قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەشتە ئالدى بىلەن
ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىن ئېلىش ـ بېرىشنى ئويلىشى-
دۇ، شۇڭا ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدا قىز ـ ئوغۇلنى تۇغقاند-
غا چاتىدىغان ئىشلار بەك كۆپ.

ئۆزبېكلەر ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنى ھەر تەرەپلىمە
پىششىق تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى توي ـ
تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ۋە ھەر خىل مەرىكىلەردە قولىغا
سۇ ئېلىش، داستىخان سېلىش، پەتنۇس تارتىش ۋە چاي
قويۇش ئىشلىرىغا سېلىپ خېلى پىششىق تەربىيەگە ئىگە
قىلىدۇ. مانا بۇ پەيت قىزى بار ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن
يىگىت تاللاشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. قىزى
بار ئائىلىلەر يىگىتلەرنى مېھمان كۈتۈش سورۇنلىرىدىن
كۆرۈپ تاللىغاندىن باشقا، يىگىتنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرى،
قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن يىگىتنىڭ ۋە يىگىتنىڭ ئائىلىسىنىڭ
ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەيدۇ. ئوغۇل ئۆيلەيدىغان ئاتا ـ
ئانىلارمۇ «قىز كۆرۈپ بوز ئال، ئاتا ـ ئانا كۆرۈپ قىز
ئال» دېگەندەك قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە قىزنىڭ
ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەيدۇ.

ئىشىك ئالدى گۈل خاۋۇز. (گۈللۈك)
گۈل كۆرگەننى كىرگەنمىز.
گۈلنى باھانە قىلىپ،
قىز كۆرگەننى كىرگەنمىز.

دېگەندەك ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىق ۋە ھەر خىل
باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بېرىپ قىزنى كۆرىدۇ ۋە قىزنىڭ
ئاتا-ئانىسى بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇپ، ئائىلە ئەھۋالىنى
ئىگىلەپ قىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزىگە لايىق كۆرگەن-
دىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاغىنىلىرى ئارقىلىق ئوغلىغا لايىق
كۆرگەن قىزنى ئۇقتۇرىدۇ. ئوغۇلمۇ ئاتا ـ ئانىسى كۆر-
سەتكەن قىزنى بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆرۈپ ئۆزىنىڭ
قىزنى لايىق كۆرگەنلىكىنى ئاغىنىلىرى ئارقىلىق ئاتا ـ ئا-
نىلىرىغا يەتكۈزىدۇ. ئوغلىنىڭ قىزنى لايىق كۆرگەنلىكىنى
بىلگەن ئاتا ـ ئانا قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىشنى
قارار قىلىپ، يۇرت ئىچىدىكى ھۆرمەتكە ئىگە، مۆتىۋەر
چوڭلاردىن ئىككى ئادەمنى قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە ئە-
ۋەتىدۇ. قىز تەرەپ ئۆيگە كەلگەن ئەلچىلەرنى قىزغىن

قارشى ئېلىپ، ياخشى مېھمان قىلىپ، ئوغۇل تەرەپنى ۋە ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە لايىق كۆرسۇن ياكى لايىق كۆرمەسۇن ئەلچىلەرگە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ ياخشى گەپلەر بىلەن چىرايلىق يولغا سالىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغۇل تەرەپ ۋە ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بېقىش ئويىغا كەلسە ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە يىگىتنى ھەر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ ئۆزلىرىگە لايىق كۆرگەندىن كېيىن قىزغا ئۇقتۇرۇپ قىزنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىر قارارغا كېلىدۇ. قىز تەرەپ بىر قارارغا كەلگۈچە ئەلچىلەر قىز تەرەپكە ئىككى - ئۈچ قېتىم بېرىپ بولىدۇ، قىز تەرەپ قىزنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىردەك قوشۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەلچىلەرگە ماقۇل جاۋابىنى بېرىدۇ ۋە قائىدە بويىچە ماقۇل جاۋابنىڭ ئىسپاتى ھېسابىدا ھەم قىزنىڭ ئاق يوللۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئەلچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئاق چۈنچەن رەختتىن ئىككى يېرىم مېتىردىن قويىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى «ئاق بېردى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزبېك خەلقىنىڭ نىكاھ، توي مەرىكىسى ئۇدا ئۇن نەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ، قىز تەرەپ ماقۇل جاۋابىنى بەرگەندىن كېيىن (ئاق بەرگەندىن كېيىن) توينىڭ ئالدىدىكى رەسمىيەتلەر ۋە توي كۈنى بېكىتىلىدۇ.

## توينىڭ بىرىنچى قەدىمى پەتاھا

قىز تەرەپ ئەلچىلەرگە ماقۇل جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ يۇرت كارتىلىرىدىن يەتتە - سەككىز نەپەر ئەرنى قىز تەرەپكە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن پەتاھاغا ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ پەتاھاغا كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ياخشى مېھمان قىلىپ، ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىردىن لۆڭگە ياكى قول ياغلىق قويۇپ يولغا سالىدۇ، مانا بۇ پەتاھا دېيىلىدۇ.

## توينىڭ ئىككىنچى قەدىمى رەھمەت تەزىم

ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرىدىن بولۇپ 20 نەچچە ئايالنى ھەر خىل پىشۇرۇق، ناۋات، كەمپۈت ۋە كىيىم - كېچەكتىن 20 - 30 پەتنۇس تەييارلاپ قىز تەرەپكە رەھمەت تەزىمگە ئەۋەتىدۇ، قىز تەرەپ كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدۇ.

## توينىڭ ئۈچىنچى قەدىمى سەرپە ئاپىرىش



www.uyghurkitap.com



ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە سەرپە ئاپىرىشتا ئىقتىسادىي يېتەرلىك ئائىلىلەر قىزغا تويى ساندۇقىغا سالغان كىيىم - كېچەكتىن باشقا، قىزغا بىر نەچچە قۇر كىيىم - كېچەك، ئاياق، ياغلىق، ھەر خىل پىشۇرۇق، كەمپۇت، ناۋات ۋە نان قاتارلىقلاردىن 80 - 90 پەتنۇس، ئىقتىسادىي ئاجىزلار كەم بولغاندا 30 - 40 پەتنۇس تەييارلاپ، 30 - 80 گىچە ئايالنى قىز تەرەپكە سەرپە ئاپىرىشقا ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن سەرپە ئېلىپ كەلگەن مېھمانلارنى كاتتا تەييارلىق بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوبدان مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدۇ.

### توينىڭ تۆتىنچى قەدىمى مال تاپشۇرۇش

ئۆزبېكلەردە مال تاپشۇرۇش تويدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مال تاپشۇرۇشتا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە سېلىق سىلىپ بەرمەيدۇ. ئوغۇل تەرەپ يۇرت چوڭلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ 30 - 40 ئادەمنى مال تاپشۇرۇشقا چاقىرىدۇ. كۆپچىلىك يىغىلغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ مال تاپشۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلىرىنى كۆپچىلىككە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە كەملىرىنى تولۇقلايدۇ. كۆپچىلىك ئوغۇل تەرەپ تەييارلىغان گۈرۈچ، ماي، نان، تۇخۇم، شېكەر (رىشالىغا) تاتلىق - تۈرۈم، سەۋزە - پىياز، ئوتۇن - كۆمۈر، چاي - تۇز ۋە ياراقلىق بىر باش كالا، نىكاھتا قويۇلىدىغان لۆككە - قول ياغلىقنى ئېلىپ قىز تەرەپكە مال تاپشۇرۇشقا بارىدۇ. قىز تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىنى مال تاپشۇرۇشقا چاقىرىپ قويىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەكەلگەن مالنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. مال تاپشۇرۇشتا بىللە كەلگەن يىگىتنىڭ ئون نەچچە ئاغىنىسى تويى تۈگىگىچە قىز تەرەپتە خىزمەتتە بولىدۇ.

### توينىڭ بەشىنچى قەدىمى سەرپە قايتۇرۇش

ئەتە تويى دېگەن كۈنى تويى قىلىۋاتقان يىگىت 30 - 40 ئاغىنىسىنى كەچكە ئۆيىگە چاقىرىپ بەزمە (ئولتۇرۇش) قىلىدۇ. ئەنە شۇ كۈنى قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە بىر چېلەك نىشالە، يىگىتكە كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتو، دوپپا، شىبلەت، ناسكى، كۆينەك، ئىچ كىيىم ۋە ھەر خىل پىشۇرۇق، تاتلىق - تۈرۈم، قەنت - گېزەكتىن 30 - 40 پەتنۇس تەييارلاپ 20 - 30 ئايالنى ئوغۇل تەرەپكە سەرپە ئاپىرىشقا ئەۋەتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ سەرپە ئېلىپ كەلگەن ئاياللارنى ئۆيگە باشلايدۇ. ئېلىپ كەلگەن سەرپىلەرنى ئۆيدە بەزمىگە قاتنىشىۋاتقان يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، مانا بۇ سەرپە قايتۇرۇش دېيىلىدۇ.

### توينىڭ ئالتىنچى قەدىمى قىز تەرەپتە تويى باشلىنىدۇ

ئۆزبېكلەر تويىدا قورۇنىڭ بىر تەرىپىگە سازەندە - ناخشىچىلارغا ئورۇن راسلاپ نەغمە - ناۋا بىلەن تويى شادلىقىنى ئەۋجىگە چىقارغاندىن باشقا دەرۋازا ئالدىغا ئۇزۇن كاناي مۇزىكىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تويىنى تېخىمۇ قىزىتىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن تەييارلىق قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، يۇرت ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنى تويغا چاقىرىپ ئاش بېرىدۇ. تويغا ئەرلەر ياز كۈنلىرى ئەتىگەن سائەت بەشتىن - توققۇزغىچە، قىش كۈنلىرى يەتتە - ئونغىچە چاقىرىپ ئۇزىتىدۇ. قىز تەرەپتىكى تويغا ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرت كاتتىلىرى، قولۇم - قوشنا ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىدىن 30 - 40 نى ئوغۇلنىڭ دادىسى باشلاپ قىز تەرەپتىكى تويغا كېلىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى ۋە قۇدىلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئوبدان مېھمان قىلىدۇ. تويى بولۇۋاتقان يىگىتمۇ ئون نەچچە ئاغىنىسى بىلەن قىز تەرەپتىكى تويغا دادىلىرىنىڭ ئارقىسىدىنلا كېلىدۇ. قىز تەرەپ كۈيۈئوغۇل بولغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھامان تۆت - بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پاياندازنى دەرۋازا بوسۇغىسىدىن تارتىپ سالىدۇ. كۈيۈئوغۇل قىز تەرەپ سالغان پاياندازنى دەسسەپ ئاغىنىلىرى بىلەن قىز تەرەپ باشلىغان ئۆيگە كىرىدۇ، خىزمەتكارلار كۈيۈئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ داستىخان سېلىپ چاي - تاماق تارتىپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ.

### توينىڭ يەتتىنچى قەدىمى نىكاھ ئوقۇش

تاماقتىن كېيىن ئوغۇل ۋە قىز تەرەپنىڭ ئىمام - مەزىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى بىر ئۆيگە جەم بولۇپ نىكاھ ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مەزىنلىرى قىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كېلىشكە قىز ئولتۇرغان ئۆيگە بارىدۇ، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ تۇتۇق ئاتىلىرى قىزنىڭ ھەققىي مېھرىنى تالاش - تارتىش قىلىدۇ. كۆپچىلىك بىرلىكتە قىزنىڭ



هەققى مېھرىنى بېكىتىپ بېرە-
دۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ
كۆپچىلىك كەسكەن ھەققى مېھ-
رىنى قىزنىڭ تۇتقۇق ئاتىسىغا
تاپشۇرىدۇ. قىزنىڭ رازىلىقىنى
ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن
مەزىنلەر قايتىپ كېلىپ قىزنىڭ
رازى ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ-
چىلىك ئىچىدە گۇۋاھلىق بېرە-
دۇ. قىز تەرەپنىڭ ئىمامى
نىكاھ ئوقۇشنىڭ ئالدىدا
قىزنىڭ ھەققى مېھرىنى ۋە
قىزنى ئالغاندىن كېيىن يىگىت-
نىڭ ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلى-
رىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ
ۋە چۈشەندۈرۈپ يىگىتنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن نە-
كاھنى ئوقۇيدۇ.

نىكاھ ھەققىنى ئوغۇل تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ، قىز
تەرەپ بىر نەچچە پارچە رەخت ۋە بىر نەچچە پەتنۇس
تەييارلاپ ئىككى تەرەپنىڭ ئىمام مەزىنلىرىگە پەتنۇسنىڭ
ئۈستىگە بىر پارچىدىن رەخت ۋە پۇل قويۇپ قويىدۇ.
باشقا مېھمانلارغا نىكاھنىڭ ئۆرۈمى دەپ بىردىن لۆڭگە
ياكى قول ياغلىق قويۇلىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمان-
لىرى قىز - ئوغۇلنىڭ ئاتىلىرىنى، قىز-يىگىتنىڭ دوگانە، ئا-
غىنىلىرى قىز - يىگىتنى مۇبارەكلىشىدۇ. نىكاھتىن كېيىن
ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قايتىشىدۇ. ئەر مېھمان-
لار تارقاپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپ ئايال مېھمانلار-
نىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ كۈنى چۈشتىن
كېيىن سائەت ئىككى - ئۈچ ئەتراپىدا ئوغۇل تەرەپنىڭ 40 -
50 نەپەر ئايال مېھمانلىرى قىزغا تەييارلىغان ئالتۇن -
جابدۇق، كىيىم - كېچەك، ئاياغلىرىنى بىر يورۇش ساند-
دۇققا سېلىپ ۋە تويغا ئاتالغان ئورۇن - كۆرپە، ياستۇق،
گىلەم ھەم قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئا-
تالغان سەرپەلەرنى (كىيىم - كېچەكلەر) چۆرۈلمىلەرنى
ئېلىپ قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن
كەلگەن قودا - مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوچاق ئېچىپ چىقىپ
قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە قودا - مېھمانلارنىڭ ئۈستىدىن
چاچقۇلارنى چېچىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قولغا سۇ
ئېلىپ داستىخان سېلىپ چاي - تاماق تارتىپ ئوبدان
مېھمان قىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن ئوغۇل، قىز تەرەپنىڭ مېھ-
مانلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ساندۇق ئېچىشنى باشلاي-
دۇ. (ساندۇق ئېچىش دېگىنىمىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ
قىزغا ئاتاپ ساندۇققا سالغان نەرسىلىرىنى كۆپچىلىككە
كۆرسىتىش) ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ساندۇقى ئې-
چىلىدۇ، ساندۇق ئېچىشتا ئوغۇل تەرەپمۇ، قىز تەرەپمۇ
ئۆز تەۋەسىدىكى ياشتا چوڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايالنى
ساندۇق قۇلۇپىنى ئېچىپ بېرىشكە، قىزنىقچى ئايالنى
ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ كۆپ-
چىلىككە تونۇشتۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر
ئىككى تەرەپ چاچقۇ ئۈچۈن بىر يېرىم كىلودەك كەمپۈت-
نى بىر ياغلىققا چىگىپ قويىدۇ. ياخشىلاپ راسلانغان
ئىككى پەتنۇسنى ئىككى ياغلىققا باغلاپ ساندۇق قۇلۇپىنى
ئاچقۇچى بىلەن ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تونۇش-
تۇرغۇچى ئۈچۈن ساندۇق ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ. مانا
ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپ بەلگىلىگەن ھۆرمەتكە سازا-
ۋەر ئايال چىقىپ ئوغۇل تەرەپ ساندۇقىنىڭ قۇلۇپىنى
ئېچىپ ساندۇق ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان چاچقۇنى كۆپچە-
لىككە چاچىدۇ، كۆپچىلىك چاچقۇنى يىغىپ ئالغاندىن
كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن بەلگىلەنگەن قىزنىقچى ئايال
چىقىپ ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ
ماختاپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ
ساندۇق ئېچىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىز تەرەپتىن
ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئايال چىقىپ ساندۇق قۇلۇپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېچىپ، چاچقۇنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ قىزغا قىلغان نەرسىلىرىنى كۆككە يەتكۈدەك ماختاپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاكا - ھەدىلىرى قىزغا ئاتاپ قىلغان سوۋغاتلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا قويۇپ ساندۇققا سالغۇزىدۇ. ساندۇق ئېچىش ئاخىرلىشىشى بىلەن قىز تەرەپنىڭ سۆزمەن، قىزىقچى ئايال چىقىپ قىزنى ئوغۇل تەرەپ قۇدىلار ۋە ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا قىزنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ، سۆز قىلىدۇ ۋە قوشاق قېتىپ تونۇشتۇرىدۇ.

قىز ھەم بولغاچ ئەقىللىق،
خېرىدارى مىڭدەك كۆپ.
ئاستانەسىدە ھەر ۋاقىت،
ساۋچىلىرى تۆرەر تۆپ.

پالاۋ، سامسا ھەم كەكلىت،
قاچالمايدۇ قولىدىن.
ئۇ يەلتىرىپ ئاشپەزنى،
خۇنەرىنىڭ يولىدەك.

سالام - ساھەت ئۇندە كۆپ،
بارماقلىرى گۈل - چېكەر.
قولاغى كەر، سۆزى كەم،
تىللەرىدەن بال تامەر.

ئاياق قولى ھەم چاققان،
بوينى تاغلىق يات ئۇنگە.
ئىلى ئالدىدا يېلىڭ تۆرگەچ،
نامى ھەر جايدا داستان.

قىزنى تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن قۇدىلار ۋە مېھمانلار ئوغۇل، قىز تەرەپنىڭ ساندۇق، ئورۇن - كۆرپە، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىشىدۇ.

**تويىنىڭ سەككىزىنچى قەدىمى قىز ئولتۇرغۇزۇش**

قىز ئولتۇرغۇزۇش — تويى بولىۋاتقان قىزنىڭ يېقىن دوستى تويى بولىدىغان قىزنى توي كۈنىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئاۋۋال قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قىزنى سوراپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. قىز توي كۈنىگىچە شۇ دوستىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. توي كۈنى قىزنىڭ باشقا دوستلىرى ئەنە شۇ قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە يىغىلىپ تويىنى قۇتلۇقلاپ بەزمە قىلىشىدۇ.

**تويىنىڭ توققۇزىنچى قەدىمى قىز ئاتا - ئانىسىدىن دۇئا ئېلىش**

قىز تەرەپتىكى توي كۈنى ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ئايال مېھمانلار قايتقاندىن كېيىن تويى بولغان قىزى دوستلىرى بىلەن قىز ئولتۇرغان ئۆيدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاتا-ئانىسىدىن دۇئا ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىن دوست - بۇرادەرلىرى، قوشنىلىرى يىغىلىپ، قىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى قارشى ئېلىپ قىزنىڭ بەختىنى، ئىنسابىنى، ئۆمرىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ ۋە قىزغا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارغا سۆز قايتۇرماسلىق، سۆزگە قوشۇق سالماسلىق، ئىشتا يالقاۋلىق (ھۇرۇنلۇق) قىلماسلىق، ئۆيگە كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىش، ئاتا - ئانىسنى ھۆرمەتلەش، ئېرىنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلماي، ھۆرمەت قىلىش جەھەتتە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ ھەم ھەممەيلەن بىردەك دۇئا قىلىدۇ، دۇئادىن كېيىن قىزنى ئۇزىتىش يار - يارنى ئېيتىدۇ.

قىز بولسەڭ ئۆزگىلەرگە،
ئىشلەت ئەقىل يارى... يار.
ئىشلەت ئەقىل يارى... يار،
يارى... يارەي ئىشلەت ئەقىل.

سالام بېرىپ ئاتەڭگە،
بول شېرىن تىل يارى... يار.
يارى... يارەي بول شېرىن تىل.
ئاسسىپ ئانە سۆزىگە،
بولغىن راستچىل يارى... يار.
يارى... يارەي بولغىن راستچىل.

ھۆرمەتلىگىن كۈياۋنى،
سۆزىن بۆلمە يارى... يار.
يارى... يارەي سۆزىن بۆلمە.

ئىش قىلگەنگە ئۆلمەيسەن،
يۈزلىڭ تۆكمە يارى... يار.
يارى... يارەي يۈزلىڭ تۆكمە.

سەبىر قىلغىن ھەر ئىشكە،
سۆز قەيتەرمە يارى... يار.
يارى... يارەي سۆز قەيتەرمە...

بۇزۇپ - چاچىپ بارنىي،
سۆز كېلتىرمە يارى... يار.
يارى... يارەي سۆز كېلتىرمە.

يارى... ياردىن كېيىن قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە قايتىش ئالدىدا قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىدىن بىرسى قىزنىڭ بېشىدىن پۇل ۋە نانلارنى ئۆرۈپ، قىزنى خەتەر- دىن ساقلاش ھەققىدە تىلەك تىلەيدۇ. قىز دەرۋازىدىن چىققاندا ھۆرمەتكە سازاۋەر چوڭ ئايال كوچىدىن يەتتە - سەككىز تال ئۇششاق تاشنى تېرىپ ئېلىپ قىزنىڭ ئارقى- سىدىن ئېتىپ بارغان جايدا تىنجىپ، بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن، ئالدىنى مال باسسۇن، ئارقىسىنى بالا باسسۇن دېگەن تىلەكنى تىلەيدۇ.

### تويىنىڭ ئونىنچى قەدىمى قىز سوراش

ئۆزبېك خەلقى تويى بولغان قىزنى قارالغۇ چۈشۈشى بىلەن قىز ئولتۇرغان ئۆيدىن ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىدۇ. قىز كۆچۈرۈشنىڭ ئالدىدا ئوغۇل تەرەپتىن تۆت - بەش ئايال بىر نەچچە پەتنۇسنى راسلاپ ئېلىپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قىز سوراپ بارىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن مېھمانلارغا چاي تارتىپ ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىش بىلەن بىللە قىز تەرەپ ئىككى، ئۈچ پەتنۇس راسلاپ ئوغۇل تەرەپتىن قىز سوراپ كەلگەن ئا- ياللارغا قىز تەرەپ تۆت - بەش ئايالنى ۋە بىر يەڭگىنى قوشۇپ، قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە ئەۋەتىدۇ، مانا ئىككى تەرەپتىن يىغىلغان سەككىز - ئون ئايال پەتنۇسلارنى كۆ- تۈرۈپ، قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە بارىدۇ.

### قىز كۆچۈرۈش

ئۆزبېكلەر قىزنى قارالغۇ چۈشكەندىن كېيىن كۆچۈ- رىدۇ. ئۆزبېك مىللىتى قىزنى ئاياللار ۋە قىزنىڭ دوستلى- رى كۆچۈرۈپ ئوغۇل تەرەپكە ئاپىرىدۇ. قىز كۆچۈرۈش- تە ئاياللار قىزنىڭ ئالدى - كەينىدە قىزنى قوغداپ ماڭى- دۇ. قىزنىڭ تۆت دوستى پەلەك (پەلەك ئەدىيالدەك چوڭ- لۇقتا بولۇپ ئەدىيالدىن نېپىزراق ئەدىيال دېيىشمۇ بولى- دۇ) نىڭ تۆت ئۇچىدىن تۇتۇپ باش تەرەپتىن سايىۋەن قىلىپ ماڭىدۇ. تويى بولغان قىزنىڭ قولدىشى ۋە بىر نەچچە دوستلىرى قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ پەلەكنىڭ ئاستى- دىن ماڭىدۇ. قىزنى پەلەك ئاستىدا كۆچۈرۈپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئاياللار، قىزلار قىزنى كۆچۈرۈپ ئوغۇلنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردەك يار... يارنى باشلايدۇ.

قىز كېلدى سالام بېرىپ،
يەڭگى ئۆيگە يارى... يار.
يارى... يارەي يەڭگى ئۆيگە.

يەخشى كېلىن بولەي دېپ،
بېل باغلەدى يارى... يار.
يارى... يارەي بېل باغلەدى.

ئېلىگە ھەر ۋاق ئىشك ئاچىپ،
قۇل بولەي دېب يارى... يار.
يارى... يارەي قۇل بولەي دېب.

كاتتەلەرنى ھۆرمەتلەپ،
جان بېرەي دېب يارى... يار.
يارى... يارەي جان بېرەي دېب.

كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ،
ئەقىل بېرەي دېب يارى... يار.
يارى... يارەي ئەقىل بېرە دېب.

مىننەت قىلماي ئىشىمنى،
ئۆزۈم بىلەي دېب يارى... يار.
يارى... يارەي ئۆزۈم بىلەي دېب

ئۆيدە ئاغىنىلىرى بىلەن تويى بەزمىسىدە ئولتۇرغان تويى قىلىۋاتقان يىگىت قىزنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپ- قاندىن كېيىن، ئوغۇل قولدىشى ۋە بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قىزنى قورۇغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن قولتۇقىدىن تۇتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ دەرھال دەر- ۋازا بوسۇغىسىدىن تارتىپ تۆت - بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قىزنىڭ ئايىغىغا پاياندار سالىدۇ. يىگىت دەرھال ئاياق بۆرتۈمە ياغلىقنىڭ ئارىسىدا يىغلاپ تۇرغان قىزنى قورۇ- غا ئېلىپ كىرىدۇ.

مانا شۇ چاغدا ئوغۇل تەرەپتىن ئون نەچچە ئايال دەرۋازىدىن يىغلاپ كىرىۋاتقان قىزنى قارشى ئېلىپ يارى... يارنى باشلايدۇ.

يىغلىمە قىز يىغلىمە،
گۈل كەبى قىز يارى… يار.
يارى… يارەي گۈل كەبى قىز.

ئاتا ـ ئانەڭ رازى بولگەن،
هۆر كەبى قىز يارى… يارەي،
يارى… يارەي هۆر كەبى قىز،

يىغلىمە قىز يىغلىمە،
توي سەنىڭكى يارى… يار.
يارى… يارەي توي سەنىڭكى.

ئاستانەسى تىللادەن،
ئۆي سەنكى يارى… يار.
يارى… يارەي ئۆي سەنكى.

ئەتلەس كۆرپە تەخلەنگەن،
تۆر سەنكى يارى…يار.
يارى… يارەي تور سەنكى.

تاغدە تايچاق كىشنەيدى،
ئات بولدۇم دېب يارى… يار.
يارى… يارەي ئات بولدۇم دېب.

ئۆيدە كېلىن يىغلەيدى،
يات بولدۇم دېب يارى… يار.
يارى… يارەي يات بولدۇم دېب.

ۋەتەن مۇخەبەتىنى،
ئۈزۈپ بولمەس يارى… يار،
يارى… يارەي ئۈزۈپ بولمەس.

قىز ـ يىگىتنىڭ رىشتىنى،
بۇزۇپ بولمەس يارى…يار،
يار… يارەي بۇزۇپ بولماس.

قىز ئالىپ كېلگەنلەر،
تۆرە ـ تۆرەسىدىن يارى… يار.
يارى… يارەي تۆرەـتۆرىسىدىن.

چاچىق چاچىلىڭ كېلىنگە،
ئاق يول بولسىن يارى… يار.
يارى… يارەي ئاق يول بولسىن.

يىگىت قىزنى قولتۇقلاپ قورۇغا ئېلىپ كىرىۋاتقاندا ئوغۇل تەرەپتىن بىر ئايال بىر تاۋاق كەمپۈتنى قىز ـ يىگىتنىڭ باش تەرىپىدىن چاچقۇ چاچىدۇ. يىگىت قىزنى قولتۇقلاپ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى (قوراي ياكى مەنگەنلەر بىلەن يېقىلغان ئوت) ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ئوت ئەتراپىغا راسلانغان جايغا بېرىپ ئولتۇرۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەغمە ـ ناۋا تېخىمۇ كۈچىيىپ، قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرى بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ، توي شادلىقىنى ئەۋجىگە چىقىرىشىدۇ. نەغمە ـ ناۋا بىرەر سائەتكىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، سايىبخان ـ مېهمانلارغا ماش خوردا تارتىدۇ (ماش خوردا گۈرۈچ بىلەن كۆك ماشنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ) تاماقتىن كېيىن قىز ـ يىگىتنىڭ دوستلىرى قىز ـ يىگىتنى يېڭى هۇجرىسىغا ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق، بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ قايتىشىدۇ. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەن ياز كۈنلىرى سائەت تۆت، بەشتە، قىش كۈنلىرى بەش، ئالتىدە توي قىلغان يىگىتنىڭ قولدىشى كېلىپ يىگىتنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىز يەڭگىسىنىڭ ياخشى خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتىدۇ، ئەتىگەن سائەت سەككىز، توققۇزلاردا قىز تەرەپتىن ئىككى ئايال ياخشى ئوخشىغان تاماقنى ئېلىپ قىز ـ يىگىتتىن هاردۇق سوراپ كېلىدۇ.

### تويىنىڭ ئون ئىككىنچى قەدىمى هۆجۈر كۆرپە

هۆجۈر كۆرپە ـــ توي كۈنىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قىزنىڭ بارلىق دوستلىرى ۋە قىزنىڭ ياش ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىزغا قىلغان سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ قىزنى يوقلايدۇ. ئوغۇل تەرەپ هۆجۈر كۆرپىگە ئوبدان تەييارلىق قىلىپ كەلگەن مېهمانلارنى ئوبدان كۈتۈپ مېهمانلارنى خۇش قىلىدۇ. مېهمانلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى قىزغا بېرىدۇ. قىزمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىغا ئالدىن تەييارلاپ قويغان سوۋغاتلىرىنى سوۋغا قىلىدۇ. كەچكە يېقىن يىگىت ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قىز ـ يىگىت جەم بولۇپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، هۆجۈر كۆپىنى قىزىتىشىدۇ.

**تۇيىنىڭ ئون ئۈچىنچى قەدىمى كېلىن سالىمى**

تۇيىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئوغۇل تەرەپتىكى قوشاقچى ـ قىزىقچى ئايال كېلىننى سالامغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاپپاق ـ دادىسى، ئـاپـپاق ئـاپىسى، بـوۋىسى، (مومىسى)، ئـاتا ـ ئـانىسى ۋە ئـاتا ـ ئـانىسىنىڭ ئـۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرى چوڭ بىر ئۆيگە يـىغىلىپ ئـولتۇرىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىكى قوشاقچى، گەپچان، قىزىقچى ئايال يېڭى كېلىننى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا سالامغا ئەكىرىپ، ئۆيدىكى چوڭدىن باشلاپ بىر بىرمۇ قوشاق قېتىپ كېلىننى سالام قىلدۇرىدۇ. بىشىدىكى ئاق يۆرتۈمە يـاغلىقنىڭ ئـۇچىدە تۇرغان كېلىن ھەر بىر قوشاقتىن كېيىن بىشى يـەرگە تەگكىدەك ئېگىلىپ سالام قىلىشنى باشلايدۇ.

قىزىقچى ئايال قوشاق بىلەن كېلىن سـالىمىنى ئـالدى بىلەن سالامنى ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىدىن باشلايدۇ.

يۇرتنىڭ تەۋەررۇك زاتى،
ئۆينىڭ قىبلىگاھى.
ئاتەسىنىڭ ئاتەسى،

ھاجى ئاپپاق دەدەسىگە سالام دېگەندە يـېڭى كـېلىن ئىككى قولنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشى يەرگە تـەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ.

مەختەشكە تىل يېتىشمەيدىكەن،
ئىل ئۈچۈن جاننى ئەيەمەيدىگەن.

ھـاجى ئـاپىسىغا سالام (دادىسـىنىڭ ئـاپىسى) دېـگـەن ھامان كېلىن ئـالدىنقى ئـىككى قـولنى كـۆكسىگە قـويۇپ بـىشـى يـەرگـە تـاقاشقىدەك ئـېگىـلىپ سـالامنـى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بـوۋىسىگە سـالام بـوۋىسى دېـگـەن (ئـاپىسىنىڭ دادىسى)

باله ئۈچۈن جان قاقىپ
ساچلىرىنى ئاقارتىكەن
كۈمۈچ ساچلى بۇۋىسىگە سالام بۇۋىسى دېگەن (يىگىتنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاپىسى)

ئىل ئىچىدە ئابرۇيلى
ئائىلەدە خورمەتلى
يالغاننى بىلمەيدىگەن
يـاۋاش ـ يۇمشـاق پـەدەرىگـە سـالام (يـىگـىتنىڭ دادىسى)

باله ئۈچۈن جان بېرىپ
ئاق سۈت ھەم ئەقىل بېرىپ
كىرىپك قاقمەي تۈنلەردە
ئەللەي ئەيتىپ تاڭگىچە
زارلەنىشنى بىلمەگەن
بەغرى يۇمشاق ئايجانىگە سالام (يىگىتنىڭ ئانىسى)
كۆك بىلەن بوي تالاشكەن.
چىرايى ھەم كېلىشكەن
ھەزىلكەش ئەمەكىسگە سالام. ئەمەكىسى دېگەن (يىگىتنىڭ دادىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسىنى كۆرسىتىدۇ)

تاغالەرنىڭ ئىچىدە
مەختىگىدەك تاغادۇر
قەرىنداش دېب ھەر يېردە
دوستلۇقنى كۈيلەيدىگەن
شېرىن سۆزلى تاغاسىگە سالام (تاغا يىگىتنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسىنى كۆرسىتىدۇ)

بويى بەلەنت ئەممەسى
پۈتمەس ئۈنىڭ يەللەسى
ئەدەپ ـ ئەخلاق يار بولگەچ
خۆرمەتلىدۇر ھەر جايدا
مۇخەبەتلى ئەمەسىگە سالام ئەممە (يىگىتنىڭ دادىسىنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسىنى كۆرسىتىدۇ)

ئوغۇللەرنىڭ كاتتەسى
ئىلىم ـ پەننىڭ ئىگەسى
ئەخلاق ھەم پەزىلەتتە
يوقتۇر ئۈنىڭ تېڭداشى
سـۆزى ئۆتكۈر ئـەكەسىگە سـالام (دادىسـىنىڭ ئاكىسى)

خالەسدۇر يۇ ئۆينىڭ
يۇرۇشلەرى چېت ئاتتەي
ئەچچىقلەرى لازىدەي
سۆزلەرى ئىسە قىلچىتەي
مەخمە دانە خالەسىگە سـالام (يـىگىتنىڭ ئـاپىسىنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسىنى كۆرسىتىدۇ)

مېھمانگە قۇچاق ئاچىپ
بارىنى تۆكە دېگەن
قولى ئاچىق، كۆكسى كېڭ
دەستۇرخانلى قارا قىزغا سالام (ئۆزبېكلەر ئـائىلىدىكى قىزنىڭ چوڭىنى قارا قىز دەپ ئاتايدۇ)

كىچىكلەرنىڭ پاچچەسى
كۈياۋلەرنىڭ ئېركەسى

www.uyghurkitap.com



بېشى بارماغى گۈل چېكەر
بارخۇنەرنىڭ ئىگەسى
باشى تاۋاقتەي پاچچەسگە سالام (ئۆزبېكلەردە سىرتتىن كىرگەن كوياۋلەرنى چاچچە دەپ ئاتايدۇ)
كاتتەلەرنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالار ھەرقاچان
مەختەنشىنى پات بىلگەن
ئىش ئۇستىدە تەلەپچان
ئاي يۈزلى ئاپەچەسگە سالام (يىگىتنىڭ ھەدىسى)
ئەنچەجەپا تارتىسىيەم
ھېچ قەچان تۆكمەگەن ياش
كىيىك كۆزلى، ئاي يۈزلى
بېتى قىزىل، قەلەم قاش
سۆزى ئاچچىق سىڭلىسگە سالام
بېتى ئىسەلەگەندەي،
ئاغزى ئىسە قاشقىدەي
مېھنەتتەن قاچمەيدىگەن
ئاياغى چەققان ئىنىسگە سالام
ئېركەلەيدۇ بارچەگە
ئاتا - ئانە يان ئالگەچ

ئۆي ئېركەسى كەنجە تايغا سالام دېگەندە يېڭى كېلىن ھەر قېتىم ئىككى قولنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشى يەرگە تاقاشقىدەك ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ.

توينىڭ 3 - كۈنى قىز تەرەپ چەللەر (چىللاق) قىلىدۇ.

ئۆزبېكلەر چەللەرنى ئالدى بىلەن قىز تەرەپ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپ قىلىدۇ. قىز تەرەپتىكى چەللەرگە ئوغۇل تەرەپتىن يىگىتنىڭ ئاتا - بوۋىسى، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىدىن بولۇپ 30 - 40 ئەر ئەتىگەن سائەت 10 -، 11 دە بارىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن قۇدا ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلاپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ. كۈيۈئوغۇلمۇ بەش، ئالتە نەپەر ئاغىنىسىنى ئېلىپ ئەرلەر بىلەن تەڭلا قىز تەرەپكە بارىدۇ. قىز تەرەپ كۈيۈئوغۇلنى ۋە ئاغىنىلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ.

كۈيۈئوغۇل قايتىدىغان چاغدا قىزنىڭ ئاتا - ئاناسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقىنلىرى قوراغا چىقىپ تۇرىدۇ، كۈيۈئوغۇل قورۇدا تۇرغان قېيىنئاتا - قېيىنئانا ۋە قىزنىڭ قېرىنداشلىرىغا بىر سالام بېرىپ ماڭىدۇ.

ئۆزبېكلەر كېلىننىڭ سالىمىغا ئوغۇل تەرەپ، كۈيۈئوغۇلنىڭ بىر سالىمىغا قىز تەرەپ گىلەم، توڭلاتقۇ، ماشىنىغا ئوخشاش چوڭ - چوڭ نەرسىلەرنى سالامغا دەپ قويۇپ بېرىدۇ.

چۈشتىن كېيىن ئاياللار قىز تەرەپكە بارىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە قىزنىڭ ياش ئۇرۇق - تۇغقىنى ياكى ئىككى دوستى ئوغۇل تەرەپكە كېلىپ قىزنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ تاتلىق - تۈرۈم، پىشۇرۇقلاردىن تۆت-بەش پەتنۇس تەييارلاپ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، دوستلىرىدىن 30 - 40 ئايالنى باشلاپ قىز تەرەپكە چەللەرگە بارىدۇ. (چەللەر مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇرۇق - تۇغقانلار، قۇدىلار تونۇش پائالىيىتىدۇر) ئوغۇل تەرەپتىن بارغان مېھمانلارنى ۋە قۇدىلارنى قىز تەرەپ ئىككى خىل تائام تەييارلاپ ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سالىدۇ، قىزنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ.

## توينىڭ 4 - كۈنى ئوغۇل تەرەپتە چەللەر

ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە چەللەرگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتىسى قىز تەرەپنى چىللاققا چاقىرىدۇ. قىز تەرەپ قۇدىلار ئوغۇل تەرەپكە ئوخشاش ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم- قوشنا دوستلىرىدىن 30 - 40 ئادەمنى باشلاپ ئەرلەر ئەتىگەن 10، 11 دا، ئاياللار ئىككى- ئۈچتە ئوغۇل تەرەپنىڭ چەللەرگە بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سالىدۇ.

توي بىرىنچى جۈمەسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تويدىن كېيىنكى 1 - جۈمە كۈنى ئوغۇلنىڭ ئانىسى ھەر خىل پىشۇرۇقلارنى، كەمپۈت، قەنت - گېزەكتىن تۆت - بەش پەتنۇس تەييارلاپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، خوشنىلىرىدىن بولۇپ ئونغا يېقىن ئايال يېڭى كېلىننى ئېلىپ يېڭى قۇدىسى بولغان قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىز تەرەپكە كەلگەن مېھمانلارنى بىر نەچچە خىل تائاملارنى تەييارلاپ ئوبدان كۈتۈپ يولغا سالىدۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ قولدىشىنى ئېلىپ كەچكە يېقىن قىز تەرەپكە بارىدۇ، قىز تەرەپ كۈيۈئوغۇلنىمۇ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ، مېھماندارچىلىقتىن كېيىن يىگىت ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئېلىپ قايتىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ نىكاھ، توي مەرىكىسى ئاخىرلىشىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئۆزبېكلەردە ئانا تەرەپنىڭكى دادىسىنى بوۋا، ئانىسىنى بۇۋى قوللىنىلىدۇ.

(ئاپتور: ئىلى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى)



www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئىتى - چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ياساش




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040